2

5 ياشتىن يۇقىرى

# ياش - ئۆسمۈرلەرگە دەسلەپكى دىنىي ساۋاتلار

مۇرشىدە ئۇيسال



ئەركام نەشرىياتى

# ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە
# دەسلەپكى دىنىي ساۋاتلار

## ھېكايىلەر بىلەن ئىسلام ۋە ئىماننىڭ شەرتلىرى

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: Çocuklara İlk Dini Bilgiler - 2
يازغۇچى: مۇرشىدە ئۇيسال
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاجى رۇزى قارى
تەھرىرى: مەجىد غاپۇر
ISBN: 978-625-440-651-5
بەتچىك: ئىلخان باشتاش
ئىستانبۇل ـ 1444/2023
Language : Uighur

ئەركام نەشرىياتى
ئالاقىلىشىش ئادرېسى

Address : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C Başakşehir - İstanbul / TURKEY
Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx) - Fax: +90 212 671 07 48
E-mail : info@islamicpublishing.org - Web site: www.islamicpublishing.org

# ئىماننىڭ شەرتلىرى: 1-ئاللاھقا ئىشىنىش

دۇنيانى كىم ياراتتى؟



ئاينى كىم ياراتتى؟



قۇياشنى كىم ياراتتى؟



تاغلارنى كىم ياراتتى؟



ھايۋانلارنى كىم ياراتتى؟



دېڭىزلارنى كىم ياراتتى؟



كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى كىم ياراتتى؟






قۇشلارنى كىم ئۇچۇردۇ؟



ياردەمنى كىمدىن تەلەپ قىلىمىز؟



قورققاندا كىمگە ئىلتىجا قىلىمىز؟



## ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى

**A.** زاتىي سۈپەتلەر (پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان مەخسۇس سۈپەتلەر) ئۇلار ئالتە تۈرلۈك:

**ۋۇجۇد:** ئاللاھ ھەر يەردە ۋە ھەر زاماندا مەۋجۇتتۇر.

**قىدەم:** ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ باشلىنىشى يوق، ئۇ تۇغۇلمىغان.

**بەقا:** ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ ئاخىرى يوق، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

**ۋەھدانىيەت:** ئاللاھ يېگانىدۇر. ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوخشىشى يوق.

**مۇخالەفەتۇن لىلھەۋادىس:** ئاللاھتائالا كېيىن ياراتقان ھېچقانداق مەۋجۇدىيەتكە ئوخشىمايدۇ.

**قىيام بىنەفسىھى:** ئاللاھنىڭ بار بولۇشى ھېچقانداق مەۋجۇدىيەتكە موھتاج ئەمەس، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

باھار پەسلىنى كىم ياراتتى؟



ياز پەسلىنى كىم ياراتتى؟



كۈز پەسلىنى كىم ياراتتى؟



قىش پەسلىنى كىم ياراتتى؟



بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياراتقان ئاللاھتۇر. كائىناتتىكى جانلىق ۋە جانسىز بارلىق مەۋجۇدات، ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسانلار بولسا ئاللاھتائالاغا رەھمەت ئېيتىش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. پۈتكۈل جانلىقلارغا رىزىق بېرىدىغان زات پەقەت ئاللاھتۇر.

**ئاللاھ قەيەردە؟** ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىندا ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەر يەردىدۇر.

## ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى

**B.** سۇبۇتىي سۈپەتلەر (ئاللاھتائالاغا ھەمدە باشقا مەۋجۇداتلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۈپەتلەر) ئۇلار سەككىز:

**ھايات:** ئاللاھ تىرىكتۇر ۋە ھاياتتۇر.

**ئىلىم:** ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

**سەمى:** ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

**بەسەر:** ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

**ئىرادە:** ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

**قۇدرەت:** ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەممە نەرسىگە يېتىدۇ.

**كەلام:** ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا سۆز قىلىش سۈپىتى بار. قۇرئان بۇ سۈپەتنىڭ ئەسىرىدۇر.

**تەكۋىن:** ئاسمان ۋە زېمىندىكى پۈتكۈل نەرسىلەرنى ئاللاھ ياراتقان.

# ھېكايە: ئەخمەتنىڭ ئىستاكانى

ئەخمەت سىنىپىدا بىر ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئىدى. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باشقا ئوقۇغۇچىلار ئەخمەتكە ھەسەت قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى. بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

– ئۇستاز بىزمۇ تىرىشىپ ئوقۇۋاتىمىز، لېكىن سىزنىڭ ئەخمەتنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز. نېمىشقا ئۇنى بەك ياخشى كۆرىسىز؟ – دەپ سورىدى.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىنچە دەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ كۈنى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر داندىن ئەينەك ئىستاكان بېرىپ:

– ھەممىڭلار بېرىلگەن بۇ ئەينەك ئىستاكاننى ھېچكىم كۆرمىگەن يەردە چاقىسلەر. ئەتە ماڭا ئىستاكاننى نەدە چاققانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار، – دېدى. ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە قايتتى. ئوقۇغۇچىلار ئەتراپىغا قاراپ بىرەر كىشىنىڭ يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەينەك ئىستاكاننى چاقتى. بەزىسى ئۇنى دەرەخنىڭ ئارقىسىدا، بەزىسى باغچىدا، يەنە بەزىسى ئۆيىدە چاقتى. ئەتىسى ھەممەيلەن قولى قۇرۇق ھالەتتە مەكتەپكە كەلدى. پەقەت ئەخمەتنىڭ قولىدىلا ئەينەك ئىستاكان بار ئىدى. باشقا ئوقۇغۇچىلار ئەخمەتكە قاراپ كۈلگىلى تۇردى. ھەتتا بەزىلەر:

– مۇئەللىمى بەك ياخشى كۆرگەن ئەخمەت، مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىماپتۇ، – دەپ مەسخىرە قىلغىلى تۇردى. مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەندە، ئوقۇغۇچىلار بىر بىرلەپ ئىستاكانلىرىنى قەيەردە چاققانلىقىنى ئېيتتى.

مۇئەللىم:



- ئەخمەت، سەن ئىستاكانىڭنى چاقالمىدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئەخمەت:

- مۇئەللىم! سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇندىيالمىدىم. -دېدى. مۇئەللەم سورىدى:

- ئەخمەت نېمىشقا ئورۇندىمىدىڭ؟

- مۇئەللىم! ئىستاكاننى ئېلىپ، ئۇنى چېقىش ئۈچۈن يەر ئىزدىدىم. سىز ئىستاكاننى ھېچكىم كۆرمىگەن يەردە چېقىشىمىزنى ئېيتقان ئىدىڭىز، ھەممە تەرەپكە قارىدىم. دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا ۋە باغچىلارغا بېرىپ باقتىم. ھەتتا قاپقاراڭغۇ ۋاقىتتا چاقاي دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن ھېچكىم يوق يەرنى تاپالماي، ئىستاكاننى چاقالمىدىم. چۈنكى ئاللاھنىڭ ھەر يەردە مېنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا، تاپشۇرۇقنى ئورۇندىيالمىدىم. - دېدى.

مۇئەللىم بۇ جاۋابتىن تولىمۇ خوش بولدى. چۈنكى ئۇ ئېرىشمەكچى بولغان جاۋاب دەل مۇشۇ ئىدى. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

- سۆيۈملۈك بالىلىرىم! مەن ئەسلىدە ھەممىڭلارنى ياخشى كۆرىمەن. ھەممىڭلارغا كۆڭۈل بۆلىمەن، لېكىن ئەخمەتنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانى، يەنى ئاللاھنىڭ ئۇنى ھەر يەردە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىق تۇيغۇسى، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر سىڭىپ كەتكەنكى، مەن بۇنىڭغا ھەيران قالغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن. سىلەر ھازىر مېنىڭ ئۇنى نېمىشقا بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ - دېدى.

باياتتىن ئەخمەتنى مەسخىرە قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلىرى يەرگە ئېگىلدى. ئەمدى ئۇلار ئەخمەتنىڭ ھەققەتەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر بالا ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشتى.



# ئىماننىڭ شەرتلىرى: 2 ـ پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش

پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان.
پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ئوخشىمايدۇ، ئىنسانلار پەرىشتىلەرنى كۆرەلمەيدۇ.
پەرىشتىلەر ئۇخلىمايدۇ.
پەرىشتىلەر خالىغان شەكىلگە كىرەلەيدۇ.
پەرىشتىلەر توي قىلمايدۇ، تۇغۇلۇش ئارقىلىق كۆپەيمەيدۇ.
پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى: ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانىنى بىجانىدىل ئورۇندايدۇ.

## تۆت چوڭ پەرىشتە



**1. جىبرائىل:** پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھتىن ۋەھيي (مەلۇمات) ياكى كىتاب ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتە.

**ۋەزىپىسى:** ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانىنى ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن كىتابلارنى نەقىل قىلىش.

مەككىدىكى ھىرا غارىدا رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسىدە نازىل بولغان قۇرئان كەرىم، بىزگە يول كۆرسەتكۈچىدۇر. ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنەيلى ۋە ھاياتىمىزغا تەتبىقلايلى!

**2. مىكائىل:** تەبىئەت ھادىسىلىرىنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە.

**ۋەزىپىسى:** يامغۇر، قار، شامال، يەر تەۋرەشكە ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئاللاھ يارىتىدۇ، مىكائىل باشقۇرىدۇ.

**3. ئىسراپىل:** پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ ۋاپاتى يەنى (قىيامەت)نىڭ بولۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىشىنى ئېلان قىلىدىغان پەرىشتە.






**ۋەزىپىسى:** سۇر دەپ ئاتالغان مۈڭگۈز شەكلىدىكى بىر كانايىنى چېلىش بىلەن دۇنيا ھاياتى ئاخىرلىشىپ، قىيامەتنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كانايىنى ئىككىنچى قېتىم چالغاندا ئاخىرەت ئۈچۈن بارلىق جانلىقلار قايتا تىرىلىدۇ.

**4. ئەزرائىل:** پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان پەرىشتە.

**ۋەزىپىسى:** ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بارلىق مەخلۇقلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

ھەر قانداق جانلىق ئۆلىدۇ. ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلە دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ھاياتىنى



ئاخىرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل يېڭى بىر دۇنيا ھاياتىنى باشلىغان بولىدۇ. ئۆلۈم يوقۇلۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشىدۇر.




# باشقا پەرىشتىلەر

**رەھمەت (قوغدىغۇچى) پەرىشتىلەر:** ياخشى كىشىلەرنى خەتەرلەردىن قوغدىغۇچى پەرىشتىلەردۇر.
**ۋەزىپىسى:** بۇ پەرىشتىلەر ياخشى ئادەملەرگە ياردەم قىلىدۇ.





**خاتىرىلىگۈچى (كىرامەن كاتىبىن) پەرىشتىلەر:** ئىنسانلارنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرۇپ، قىلمىشلىرىنى ئەمەل دەپتىرىگە يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر.
**ۋەزىپىسى:** ھەر كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى پەرىشتە، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىش-ھەرىكىتىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە دۇرۇستلۇقنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرىدۇ.
ھەر كىشىنىڭ سول تەرىپىدىكى پەرىشتە، ئۇنىڭ قىلغان يامان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.





**سوئال-سوراققا تارتىدىغان (مۇنكەر-نەكىر) پەرىشتىلەر:** قەبرىدىكى كىشىلەرنى سوئال-سوراققا تارتىدىغان پەرىشتىلەردۇر.



**ۋەزىپىسى:** ئۆلگەن كىشىلەردىن «رەببىڭ كىم؟»، «پەيغەمبىرىڭ كىم؟»، «كىتابىڭ نىمە؟»، «قىبلەڭ قەيەر؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى سورايدۇ.
**رەببىم** ئاللاھ، **پەيغەمبىرىم** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، **كىتابىم** قۇرئان كەرىم، **قىبلەم** كەبە.
**ئازاب پەرىشتىلىرى:** ناچار كىشىلەرنى قەبرىدە ۋە جەھەننەمدە جازالايدىغان پەرىشتىلەر.
بۇلاردىن باشقا بىز ئىسمى ۋە ۋەزىپىسىنى بىلمەيدىغان كۆپلىگەن پەرىشتىلەر بار.
پەرىشتىلەر ياخشى ئىشلارغا چاقىرىدۇ. شەيتان بولسا، ناچار ئىشلارغا چاقىرىدۇ. پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان. تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان.

# ھىرا غارىدىكى نۇر

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز 40 ياشقا كىردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ يالغۇز قىلىشنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. سۆيۈملۈك ئايالى ھەزرىتى خەدىچە تەييارلاپ بەرگەن ئوزۇق-تۈلۈكنى ئېلىپ ھىرا غارىغا باردى. باشتىن تارتىپلا گۈزەل بىر ئادەتنى شەكىللەندۈرۈۋالغانىدى، يەنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بۇ يەرگە كېلىپ، كۈنلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

بىر رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا جانابى ئاللاھقا ئىبادەت قىلدى ۋە چوڭقۇر تەپەككۇرغا چۆكتى. بارلىق مەخلۇقاتلارمۇ ئۆز تىلى بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشۋاتقان ئىدى. كۈتكەن پەيت كېلىپ، تۇساتتىن غارنىڭ ئىچى نۇرغا تولدى. ۋەھيي پەرىشتىسى جىبرائىل پارلاق نۇر ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزگە كۆرۈنۈپ:

- ئوقۇ! - دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قورققان ھەم ھەيران قالغاچقا، يۈرىكى تىترىگەن ھالدا:
- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. جىبرائىل يەنە:
- ئوقۇ! - دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە كېلەلمىگەن ئىدى.
- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. جىبرائىل ئۈچىنچى قېتىم ئۇنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ:
- ئوقۇ! - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرائىلدىن:
- نېمىنى ئوقۇيمەن؟ - دەپ سورىدى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئەلەق سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتىنى:
- ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتتى. سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر. - دەپ ئۆگەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرائىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى ۋە يادلىدى. تۇنجى ۋەھيي قىلىنغان بۇ ئايەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبى ۋە تىلىغا يەرلەشتى. ئاندىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام:

- ئى مۇھەممەد! سېنى تەبرىكلەيمەن. مەن ۋەھيي پەرىشتىسى جىبرائىل بولىمەن دېگەندىن كېيىن: «سەن ئاللاھ تەرىپىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە توغرا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن پەيغەمبەرسەن» دېدى ۋە تۇيۇقسىز غايىب بولدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەن بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆڭكۈردىن



چىقتى. ئۇ قورقۇنچ ۋە ھاياجان ئىچىدە تىترەپ، ئۆيىگە بارغاندا، ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ئۇنى ئىشىك ئالدىدا قارشى ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تىترىگەن ئاۋازدا:

ـ مېنى يۆگەپ قوي، مېنى يۆگەپ قوي، ـ دېدى. ھەزرىتى خەدىچە ئۇنى ياتقۇزۇپ، يۆگەپ قويدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، تىنىچلانغۇچە ساقلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىنچلانغان ۋاقتىدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئايالىغا سۆزلەپ بەردى. بۇ سۆھبەتتىن كېيىن ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان، تۇنجى كىشى بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە قوللىدى. ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، تۇنجى قېتىمدا «ئوقۇ» دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى ئاجايىپ بىر ئىشتۇر. ئەسلىدە ۋەھىي «ئىمان ئېيت» ۋە «ناماز ئوقۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باشلىنغان بولسا بولاتتى. بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قارىتا كېرەكلىك ئىشلارنى ئورۇنداشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.



# ئىمانىڭ شەرتلىرى: 3 ـ پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش

ھەر بىر قاتناش قورالىنىڭ بىر ھەيدىگۈچىسى بار بولغىنىدەك، ھەر بىر مىللەتنىڭ بىر يول كۆرسەتكۈچىسى (يېتەكچىسى) بولىدۇ.
















پەيغەمبەر يول كۆرسەتكۈچى: بىز بىلمەيدىغان بىر يەرنى ساياھەت قىلماقچى بولساق، شۇ يەرنى ياخشى بىلىدىغان بىر يېتەكچىگە موھتاج بولىمىز. پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئاللاھتائالانىڭ ئەمرى-پەرمانىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن تاللانغان كىشىلەردۇر.




ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى رەھبىرى ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئاخىرقى رەھبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ نام شەرىپى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى دۇرۇت ۋە سالاملاردىن خالىغان بىرىنى دېيىشىمىز كېرەك:

**«سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم»** «ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن!»

**«ئەللاھۇممە سەللى ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەد»** «ئاللاھىم! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغىن!»، **«ئەلەيھىسسالام»** «ئۇنىڭغا بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغىن!»

**پەيغەمبەرگە دۇرۇت ۋە سالام يوللاش دېگەن نېمە؟**

پەيغەمبىرىمىزگە دۇئا قىلىش، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن ياخشىلىق تىلەشتۇر.

جانابى ئاللاھ ھەر بىر مىللەتكە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن.



ئىنسانىيەت تارىخىدا مىڭلارچە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن.

قۇرئان كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر يىگىرمە بەشتۇر:

1 ـ ئادەم، 2 ـ ئىدرىس، 3 ـ نوھ، 4 ـ ھۇد، 5 ـ سالىھ، 6 ـ لۇت

7 ـ ئىبراھىم، 8 ـ ئىسمائىل، 9 ـ ئىسھاق، 10 ـ ياقۇپ، 11 ـ يۇسۇف

12 ـ شۇئەيب، 13 ـ مۇسا، 14 ـ ھارۇن، 15 ـ داۋۇد، 16 ـ سۇلايمان

17 ـ ئەييۇب، 18 ـ زۇلكىفل، 19 ـ يۇنۇس، 20 ـ ئىلياس

21 ـ ئەلىيەسە، 22 ـ زەكەرىيا، 23 ـ يەھيا، 24 ـ ئىيسا

25 ـ مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان، لېكىن پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان كىشىلەر لوقمان، ئۇزەير ۋە زۇلقەرنەين قاتارلىقلاردۇر.

**خالىغان ھەر قانداق بىر كىشى پەيغەمبەر بولالامدۇ؟**

ياق. جانابى ئاللاھ بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىگە ئۆزى خالىغان كىشىنى تاللايدۇ.

**پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:**

**1 ـ سىدىق:** پەيغەمبەرلەر قىلغان ئىش ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە راستچىلدۇر.

**2 ـ ئامانەت:** پەيغەمبەرلەر ھەر ئىشتا ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر.

**3 ـ تەبلىغ:** پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن تاپشۇرۇپ ئالغان ئەمرى ـ پەرمان ۋە چەكلىمىلەرنى ئىنسانلارغا ئۆز پېتى يەتكۈزىدۇ.

**4 ـ فەتانەت:** پەيغەمبەرلەر ئەقىللىق ۋە زېرەك كىشىلەردۇر.

**5 ـ ئىسمەت:** پەيغەمبەرلەر گۇناھ سادىر قىلمايدۇ.

**مۆجىزە:** بۇ ئاللاھنىڭ رۇخستى ۋە ياردىمى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئۆز ئەينىنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدۇ.



# پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر مۆجىزىسى: تۈگىمىگەن تاماق

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار مەدىنە شەھىرىدە ياشايتتى. مەككە شەھىرىدىكى بۇتقا چوقۇنغۇچىلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن مەدىنە ئەتراپىدا چوڭ ئورەك (خەندەك) كولاشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار قىزغىنلىق بىلەن خەندەك كولىدى. ھەممەيلەن ئىشلەپ، چارچاپ كەتتى. ھاۋا بەك سوغۇق ۋە قورساقلىرى بەك ئېچىپ كەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى:

- ئى رەسۇلۇللاھ! قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، ئاچلىقتىن قورسىقىمىزغا تاش باغلىدۇق. - دېدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ قورسىقىنى كۆرسەتتى. ئۇمۇ ئاچلىقتىن بەلۋىغىنىڭ ئاستىغا ئىككى تاش باغلىۋالغان ئىدى. ئۇ يىللاردا قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بەرگەچكە، كۆنلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاماقسىز ۋە سۇسىز ئۆتتۈۋاتقان ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرىدىن بىرى ھەزرىتى جابىر ئۆيىگە بېرىپ، ئايالىغا:

- مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆيدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئايالى:

- ئۆيدە مۇشۇ ئوغلاق ۋە بىر قانچە چاڭگال ئارپىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، - دەپ جاۋاب بەردى. جابىر دەرھال ئوغلاقنى بوغۇزلىدى. ئايالى ئارپىنى ئېزىپ ئۇن قىلدى. ئۇلار گۆشنى قازانغا سالدى. ئۇلار يەنە خېمىر يۇغۇردى. ئۇلار گۆشنى پىشۇرۇش ئۈچۈن قازاننى ئوچاققا ئاستى. ھەزرىتى جابىر پەيغەمبىرىمىزنى چاقىرماقچى بولغاندا، ئايالى:

-سىز بىلىسىز، بىزنىڭ تامىقىمىز ئاز، مېنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىدا خىجىل قىلماڭ! بۇ تاماق پەقەت بىر قانچە كىشىگىلا يېتىدۇ، - دەپ ئاگاھلاندۇردى. جابىر پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئازراق تامىقىمىز بار. مەرھەمەت قىلسىلا، تاماققا بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

-تامىقىڭلار قانچىلىك؟ - دەپ سورىدى.

-تۆت چاڭگال ئارپىدىن يېقىلغان نان بىلەن كېسىلگەن بىر ئوغلاق گۆشى بار، - دېدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

- بۇ كۆپ ھەم گۈزەل تاماق ئىكەن، - دېدى. ئاندىن قوشۇمچە قىلىپ:

-ئايالىڭغا ئېيتقىنكى، مەن كەلگۈچە گۆش ۋە ناننى تونۇردىن چىقارمىسۇن، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز خەندەكتە ئىشلەۋاتقانلارغا ئېلان قىلىش ئۈچۈن:



- ئى خەندەكتە ئىشلەۋاتقانلار! جابىرنىڭ زىياپىتى بار ئىكەن. ھەممىمىز بىرلىكتە ئۆيىگە بارايلى، - دېدى. جابىر بۇنى ئاڭلاپ بەك ھەيران قالدى. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن باشقا ئىش كەلمەيتتى، تاماق پەقەت بىر نەچچە كىشىلىكلا ئىدى. تاماقنىڭ شۇنچە كۆپ كىشىلەرگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەستى. ئۇ بۇلارنى ئويلىغاچ ئۆيىگە كېلىپ، ئايالىغا:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆش ۋە ناننى تونۇردىن چىقارماسلىقىڭنى جېكىلىدى. ئۇ خەندەكتىكى بارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە كەلمەكچى. بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ - دېدى. ئايالى:

- ھە، ئۇلارنى سەن چاقىردىڭمۇ ياكى پەيغەمبەر چاقىردىمۇ؟ - دەپ سورىدى. جابىر:

- ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىردى، - دەپ جاۋاب بەردى. ئايالى راھەت بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ:

- ئەھۋال بۇنداق بولسا، قورقما! ئۇ بىزدىن ياخشى بىلىدۇ، - دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەر يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆش ۋە ناننىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلدى. جابىرنىڭ ئايالىغا:

- سەن نان ياقىدىغان بىر خانىمنى چاقىر، ئۇ سەن بىلەن بىللە نان ياقسۇن. گۆشنى قازاندىن چۆمۈچ بىلەن ئال. قازاننى تونۇردىن ھەرگىز ئالما. - دەپ تاپىلىدى. ھەممە ئادەم ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندا، پەيغەمبىرىمىز تونۇردىن بىر تال ناننى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇردىن ئالغان گۆشنى قويۇپ، ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

- تاماق يېيىشنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تەلەپپۇز قىلىش بىلەن باشلاڭلار، - دېدى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تويغىچە تاماق يېدى. لېكىن نان ۋە گۆش ھېچ ئازايمىدى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز، جابىرنىڭ ئايالىغا بۇرۇلۇپ:

- قالغىنىنى ئۆزىڭىز يەڭ ۋە خوشنىلىرىڭىزغىمۇ تارقىتىپ بېرىڭ، چۈنكى ئىنسانلار بەك ئاچ قالدى، - دېدى. ھەزرىتى جابىر ئۇ كۈننى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۆيىمىزگە كەلگەنلەر مىڭ ئادەم ئىدى. ھەممىسىنىڭ قورسىقى تويدى. ئادەملەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، قازان باشتىكىدەكلا لىق ھالەتتە قايىندى. نېنىمىزمۇ ھېچ ئازلاپ قالمىدى. ئۇنىڭدىن بىزمۇ يېدۇق ۋە خوشنىلىرىمىزغىمۇ بەردۇق.



# ئىماننىڭ شەرتلىرى: 4-كىتابلارغا ئىشىنىش





ھەر قانداق بىر قاتناش قورالىنىڭ ھەيدىگۈچىسى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ رەھبىرى (پەيغەمبىرى) ۋە ھەر رەھبەرنىڭ قولىدا بىر كىتاب بولىدۇ. ئىنسانلارغا مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بەزى پەيغەمبەرلەرگە كىتابلار ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن كىتابلار، ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىدىغان بىلىملەر بىلەن تولغان. دوستلار ۋە سۆيۈملۈك كىشلەردىن كەلگەن مەكتۇپلار ئىنساننى خۇشال قىلىدۇ. كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن كىتابلار ئوقۇش، چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن ياشاش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. قۇرئان كىشىلەرنىڭ دۇنياسىنى تېخىمۇ گۈزەل ۋە ئەھمىيەتلىك قىلىشى ئۈچۈن كەلگەن. ئۇ قاراڭغۇلۇقنى يورىتىدىغان نۇردۇر. ئىنسانىيەتنى ئويغىتىدىغان ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدىغىنىمۇ يەنىلا قۇرئان كەرىمدۇر.









**كىچىك كىتابلار (سەھىپىلەر) ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر:**

1ـ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا 10 سەھىپە (بەت) ئەۋەتىلگەن.

2ـ ھەزرىتى شىت ئەلەيھىسسالامغا 50 سەھىپە ئەۋەتىلگەن.

3ـ ھەزرىتى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا 30 سەھىپە ئەۋەتىلگەن.

4ـ ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا 10 سەھىپە ئەۋەتىلگەن.

**چوڭ كىتاب ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر:**

**تەۋرات:** مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.

**زەبۇر:** داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.

**ئىنجىل:** ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن.

**قۇرئان:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 23 يىلدا ئەۋەتىلگەن.

**ئايەت:** بىر ياكى بىرقانچە جۈملىدىن تەركىپ تاپقان كىچىك بۆلۈمدۇر.

قۇرئان كەرىمدە 6666 ئايەت بار.

**سۈرە:** قۇرئان كەرىمنىڭ چوڭ بۆلۈمدۇر. قۇرئان كەرىمدە 114 سۈرە بار.

ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۆجىزە كۆرسەتكەن.

سۆيۈملۈك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدۇر.

بۇ كىتاب مۆجىزە كىتابتۇر. قۇرئان كەرىمنى قوغدىغۇچى زات ئاللاھتۇر. ئۇ قىيامەتكىچە بىر خىل تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى تۇنجى بۇيرۇق «ئوقۇ» دېگەن ئايەتتۇر.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئوقۇڭلار. چۈنكى قۇرئان ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدۇ. يەنى قۇرئان، قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ئاللاھتىن تىلەيدۇ."



قۇرئان كەرىمنى گۈزەل ئوقۇشنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلايلى!

# قۇرئان كەرىم شىپادۇر

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئوتتۇز كىشىلىك بىر ئەترەت، كېچىدە بىر يېزىدا قونۇپ قالدى. ئۇلار يېزا ئاھالىسىدىن بۇ كىچىك ئەترەتنى كۈتۈۋېلىشنى، تۇرالغۇ ۋە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشنى ئۆتۈندى. يېزىدىكىلەر ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى ۋە يېمەكلىكمۇ بەرمىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرى قورسىقى ئاچ ھالدا، ئۇستى ئوچۇق تالادا ۋە سوغۇقتا يېزىنىڭ سىرتىدا قونۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن يېزىدىن بىر كىشى ئالدىرىغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

يېزىمىزنىڭ باشلىقىنى چايان چېقىۋالدى، ئاراڭلاردا بۇ زەھەرنى قايتۇرۇپ، داۋالىيالايدىغانلار بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرى دەسلەپتە ئۇلارغا ياردەم قىلمىغان يېزىدىكىلەرگە ياردەم قىلماسلىقىمىز كېرەك دەپ ئويلىدى. چۈنكى يېزىدىكىلەر ئۇلارنى ئاچلىق ۋە سوغۇقتا يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقتىن، ئۇلار ئۆلگىلى تاس قالغان ئىدى.

ئەمما ئاتىلار مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش ھەممە كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش ئەر كىشىنىڭ ئىشى».

پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرى ئۆزىگە يامانلىق قىلغان بۇ كىشىلەرگە يامانلىق قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

- مەن سىلەرگە ياردەم قىلالايمەن. ئەگەر باشلىقىڭنى ساقايتسام، ئوتتۇز تۇياق قوي بېرىسەن. - دېدى. ئۇ ساھابە بىر دېھقان بىلەن بىرگە زەھەرلەنگەن باشلىقنىڭ يېنىغا باردى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا سۈرە فاتىھەنى ئۈچ قېتىم ياكى يەتتە قېتىم ئوقۇپ ساقايتتى. نەتىجىدە دېھقانلار بۇ ساھابىگە ئوتتۇز تۇياق قوي بەردى. بۇ ساھابە قويلارنى ھەيدەپ دوستلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قېرىنداشلىرىغا قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭمۇ قورسىقى تويدى. بۇ ساھابەنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭدىن بۇ كىشىنى قانداق ساقايتقانلىقىنى سورىدى. ئۇ:

- فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ساقايتتىم. - دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى مەن «قۇرئان كەرىم شىپادۇر» دېگەن ئايەتنى



ئەسلىدىم ۋە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇدۇم ۋە شىپانى ئاللاھتىن كۈتتۈم. ـ دېدى.
ئەترەت باشلىقى:

ـ بۇ ئىش توغرا بولمىدى، ـ دېدى. بۇ قوشۇن ئىشنى تۈگىتىپ مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەقەلىكنى بايان قىلدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇپ، شىپانى ئاللاھتىن كۈتۈشنى توغرا تېپىپ، بۇ قويلارنى ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى.

كېسەللىمىزنى داۋالاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بېرىشىمىز لازىم، لېكىن ئاللاھتىن شىپالىق بېرىشنى تەلەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.



# ئىمانىنىڭ شەرتلىرى: 5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش



باھار پەسلى



ياز پەسلى



قىش پەسلى



ھامىلىدار ئايال



تۇغۇلۇش



ئۆسۈپ يېتىلىش

**ئاخىرەت ھاياتى:** بۇ دۇنيا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن باشلىنىدىغان مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر.

**قىيامەت كۈنى:** بۇ كۈندە ھەزرىتى ئىسرافىلنىڭ سۇر چېلىشى بىلەن پۈتكۈل جانلىقلار ئۆلۈپ، دۇنيا ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ . ھەزرىتى ئىسرافىلنىڭ ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىش ۋاقتىدىن باشلاپ، ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىشى، جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاخقا كىرىشى «ئاخىرەت ھاياتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**جەننەت:** جانابى ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە ئەخلاقى گۈزەل بولغان كىشىلەرگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدىغان جايدۇر.

**جەھەننەم:** ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان ياكى گۇناھ سادىر قىلىشتا چېك تۇرغان كىشىلەر جازالىنىدىغان جاينىڭ ئىسمى.

**مەھشەر:** قىيامەت كۈنى دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى، دۇنياغا كېلىپ كەتكەن پۈتكۈل ئىنسانلار يىغىدىن تىرىلىپ توپلىنىدىغان جايدۇر.

**نامە ـ ئەمەل (قىلغان سۆز ـ ھەرىكەت) خاتىرە دەپتىرى:** قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان نامە ـ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ قويغان دەپتەرلەر تارقىتىلىدۇ. جەننەت ئەھلىگە نامە ـ ئەمەلى ئوڭ تەرەپتىن، دوزاخ ئەھلىگە نامە ـ ئەمەلى سول تەرەپتىن بېرىلىدۇ.

**ھېساب:** ئاللاھتائالا بارلىق ئىنسانلاردىن بىرلا ۋاقىتتا ھېساب ئالىدۇ. لېكىن ھەر ئىنسان پەقەت مەندىنلا ھېساب ئالدى دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

**مىزان:** بىزنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىمىز تارتىلىدىغان تارازا بولۇپ، بىز ئۇنىڭ قانداق تارازا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

**پىلسىرات:** بۇ ھەممە ئادەم چوقۇم ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول ۋە كۆۋرۈكتۇر. مۇئمىنلەر جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ جەننەتكە يېتىپ بارىدۇ. بىز پىلسىراتنىڭ ماھىيىتىنى يەنى ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. مۇشرىك (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى)، كاپىر (ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان كىشى)، مۇناپىق (ئەمەلىيەتتە ئىمان ئېيتمايدىغان لېكىن كۆرۈنۈشتە ئىمان ئېيتقاندەك قىياپەتتە يۈرىدىغان) بۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا تاشلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشنىڭ ئاسان ياكى قىيىن بولۇشى، دۇنيادىكى چاغدا ئاللاھقا بولغان ئىمانى، ئىبادىتى ۋە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە باغلىق بولىدۇ.




باھار پەسلى







ياشلىق قېرىلىق ئۆلۈم






**ئاخىرەت ھاۋا يوللىرى**

**قوزغىلىش يېرى:** دۇنيا

**يېتىپ بارىدىغان يەر:** ئاخىرەت

**ئۇچۇش ۋاقتى:** ھەر ۋاقىت ئۇچۇشى مۇمكىن

**ئىسمى:** ئادەم بالىسى

**جىنسى:** تۇپراق

**ئادرېس:** يەر شارى

**ئەسكەرتىش:** بىلەت پەقەت تاق كېتىش بىلىتى

يولۇچى ئالالايدىغان بۇيۇملار:

9 مېتىر ئاق رەخت، ئاللاھقا ئېيتقان ئىمانى ۋە ئىبادەتلىرى، كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلار، ئىلىم-پەن ۋە سالىھ پەرزەنت. يولۇچى يۇقىرىقىدىن باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭالمايدۇ. تىنچ ۋە ئازادە سەپەر قىلىش ئۈچۈن، ھۆرمەتلىك يولۇچىلىرىمىزدىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: مەسئۇل پەرىشتىلەرنىڭ تۆۋەندىكى سوئاللىرىغا توغرا ۋە تولۇق جاۋاب بېرىڭ.

- ھاياتىڭىزنى قەيەردە ئۆتكۈزدىڭىز؟
- ياشلىقىڭىزنى قەيەردە ئۆتكۈزدىڭىز؟
- مال-دۇنيايىڭىزنى قايسى يول بىلەن تاپتىڭىز؟
- مال-مۈلكىڭىزنىنى نەگە خەجلىدىڭىز؟
- ئاللاھ ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

# ھېكايە: چېچەكنىڭ ئۆمرى

باھار پەسلىنىڭ بىر ئەتىگىنى، دەل-دەرەخلەر ھالرەڭ ۋە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن ئىدى، قۇياش بارلىق گۈزەللىكى بىلەن گۈللەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. سۇمەييە شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپ، يۈز-قولىنى يۇيۇپ، باغچىغا چىقتى. ئۇ رەڭگارەڭ چېچەكلىگەن دەرەخلەرگە تىكىلىپ قارىدى. ئاندىن ئۇ ئۆز قولى بىلەن تىككەن گۈللەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى سۇغاردى. ئۇ گۈللەر بىلەن پاراڭلاشتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن سۇمەييەنىڭ گۈللىرى كۈندىن-كۈنگە ئۆستى. چۈنكى سۇمەييە گۈللەرنى دائىم سۇغۇرۇپ تۇراتتى. قۇياش ئىسسىقلىقى بىلەن گۈللەرنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بەردى. سۇمەييە گۈل بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. سۇمەييە ئانىسىغا:

- جېنىم ئاپا، مېنىڭ گۈلۈممۇ بىزگە ئوخشاش ئىكەن. ئۇ بۇرۇن كىچىك ئىدى، ھازىر چوڭ بوپتۇ. ئۇ ياشاش ئۈچۈن سۇ، تۇپراق ۋە قۇياشقا موھتاج ئىكەن،- دېدى.

ئاپىسى:

- شۇنداق، ئوماق قىزىم سۇمەييە، چۈنكى ئۇمۇ بىر جانلىقتۇر. ئۇمۇ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، سۆيگۈگە ئېھتىياجى بار. گۈل-چېچەكلەر خۇددى ساڭا ئوخشايدۇ. بۇرۇن سەنمۇ كىچىك ئىدىڭ، ئەمدى چوڭ بولدۇڭ. بۇندىن كېيىن باشقا جانلىقلارغا پايداڭ تېگىدۇ. پاختا مۈشۈك ئاسلانلىدى. ئەمدى ھەر ئىككىڭگە كۆڭۈل بۆلسەن ۋە باغچىدىكى گۈل-چېچەكلەرنى سۇغىرىسەن، - دېدى.

سۇمەييە:

- جىنىم ئاپا، مۈشۈك ئاسلانچاقلارنىڭ يوغىنىغانلىقى ۋە گۈللىرىمنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىقىم مېنى شۇ دەرىجىدە خۇشال قىلدىكى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ماڭا ھەرگىز تەس كەلمەيدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باھار پەسلى ئاخىرلىشىپ، ياز پەسلى يېتىپ كەلدى. قۇياش ئىسسىقلىقىنى كۆپەيتتى. بۇ ئەسنادا پاختا مۈشۈكنىڭ ئاسلانلىرى ۋە گۈل-چېچەكلەر داۋاملىق ئۆسۈپ، چىرايلىق بولۇپ كەتتى. كۈز پەسلى بىر كۈنى ئەتىگەندە، سۇمەييە بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈل-چېچەكلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن باغچىغا چىقتى. لېكىن گۈل-چېچەكلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرەخلەرگە قارىدى.



شۇنداق، گۈل-چېچەكلەر سارغايغان يوپۇرماقلارنى تۆككەن ئىدى. سۇمەييەنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى.

- سۆيۈملۈك گۈلۈم، سەنمۇ موماڭدەك ئۆلۈپ كېتىسەن، شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى سۇمەييەنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكەنلەرنى چۈشىنىپ، سۇمەييەگە:

- ئوماق قىزىم! ھەر بىر گۈل باھاردا تۇغۇلۇپ، ياز پەسلىنىڭ ئاخىرلىشى بىلەن ئۆلىدۇ. ھازىر ھاۋا سوغۇپ، شامال چىقىشقا باشلىدى. قۇياش ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئىسسىقلىق تارقاتمايدۇ. لېكىن گۈل قالدۇرغان ئۇرۇقلار باھارنى ساقلايدۇ. قىش ئاخىرلاشقاندا باھار يەنە كېلىدۇ. گۈلنىڭ ئۇرۇقىدىن يېڭى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. دەرەخلەر يېڭىدىن چېچەكلەپ، يېڭى مېۋە بېرىدۇ. سۇمەييە چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ:

-جېنىم ئاپا، مومام گۈللىرىمدەك بولۇپ كەتتى. باھار يەنە كەلگەندە، ئۇمۇ يېڭىدىن كېلەمدۇ؟ - دەپ بىغۇبار سوئال سورىدى. سۇمەييەنىڭ مومىسى بىلەن گۈللەرنىڭ ئۆلۈمىنى سېلىشتۇرۇشى ئاپىسىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدى.

- ئەلۋەتتە، ئوماق قىزىم، بەلكىم باھاردا بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مومىڭىزمۇ چوقۇم گۈلدەك قايتا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ يوق بولۇپ كەتمىدى. ئۇ ھەممىمىز ئۇچرىشىدىغان يەردە بىزنى ساقلاۋاتىدۇ. ئۆلۈم يوقىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇ يېڭى ۋە گۈزەل ھاياتنىڭ باشلىنىشىدۇر، جېنىم بالام.

سۇمەييە:

- ئۇنداقتا مەن گۈللىرىم ۋە مومامنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرمايمەن. ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتكەنلىكىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن. مەن ئۇلارنى دائىم ئەسلەپ، دۇئا قىلىپ تۇرىمەن. بىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنگە قەدەر ياخشى ئىشلارنى قىلىمەن، - دېدى. ئاپىسى قىزىنى قۇچاقلاپ، ئىچىدە پىچىرلاپ ئۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل دۇئالار قىلدى.



# تۇغۇلغاندىن كېيىن ھاياتلىق بارمۇ؟

ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا يەرلەشكەن قوشكېزەكلەر دەسلەپتە ھەممە ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارمۇ تەرەققىي قىلىپ، قوللىرى، پۇتلىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ جەرياندا، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. راھەت ۋە بەختەر يەردە ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇلار ھەمىشە بىر-بىرىگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلاتتى:

-ئانىمىزنىڭ قورسىقىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردە ياشىغانلىقىمىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ ھايات نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! قېرىندىشىم. ئۇلار چوڭ بولغانسېرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۇنيانى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى. ئۇنداقتا، ھاياتنىڭ مەنبەسى نېمە؟ ئۇلار بۇنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، ئۇلارنى ئانىسىغا باغلىغان بىر ئوزۇقلۇق نەيچىسىنى بايقىدى. ئۇلار بۇ ئوزۇقلۇق نەيچىسى سايىسىدە، ھېچقانداق جاپا تارتماستىن، بەختەر ئوزۇقلىنىپ چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

- ئانىمىزنىڭ كۆيۈمچانلىقى نېمىدېگەن بۈيۈك - ھە! ئۇ بىزگە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئوزۇقلۇق نەيچىسى ئارقىلىق ئەۋەتىدۇ. ئايلار كەينى-كەينىدىن ئۆتتى، قوشكېزەكلەر ناھايىتى تېز يوغىنىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا يولنىڭ ئاخىرى يېقىنلاپ قالدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزەتكەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ گۈزەل دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى ھېس قىلغىلى تۇردى. ئۇلار توققۇزىنچى ئايغا يېقىنلاشقاندا، بۇ ئالامەتلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن ئەنسىرەپ تۇرغان قوشكېزەكلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن:

- نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ بۇلارنىڭ ئېنىقلىمىسى نېمە؟ - دەپ سورىدى. يەنە بىرى تىنىچ ھەم ئەقلى-ھوشى جايىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار تۇرۇۋاتقان بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تارلىق قىلاتتى، ھېس-تۇيغۇلىرى تېخىمۇ كەڭرى بىر دۇنيانى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:



ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرالمايدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ يەنە: «بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئۆمرىمىز ئاخىرلىشاي دەپ قالدى»، دېدى. قېرىندىشى:

ـ لېكىن مەن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنى خالىمايمەن، ھەمىشە بۇ يەردە قالغۇم بار، ـ دەپ ۋارقىرىدى . يەنە بىرسى:

ـبىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. بەلكىم تۇغۇلغاندىن كېيىن يەنە بىر ھاياتلىق بولۇشى مۇمكىن. قېرىندىشى:

ـ بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان ئوزۇقلۇق نەيچىسى ئۈزۈلۈپ قالسا، قانداق ياشيالايمىز؟ بۇ ھەقتە ماڭا بىر نەرسە دەپ بېرەلەمسىز؟ ھەم قاراڭ بىزدىن بۇرۇن باشقىلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزگە تۇغۇلغاندىن كېيىن بىر ھاياتلىقنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن قايتىپ كەلمىدى. ئۇ:

ـ ياق، ھەممە ئىشنىڭ ئاخىرى بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن:

ـ بەلكىم ئانا دېگەن نەرسە ھېچ بولمىسا كېرەك! ـ دېسە، يەنە بىرى:

ـ چوقۇم بولۇشى كېرەك، بىز بۇ يەرگە يەنە قانداق ئېرىشەلەيمىز؟ قانداق ھايات كەچۈرەلەيمىز؟ ـ دەپ ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى چىقتى.

ـ سىز ئانىڭىزنى بىرەر قېتىم كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ـ دەپ چىڭ تۇردى. بەلكىم ئۇ پەقەت كاللىمىزدا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم بىزدىكى ئانا دېگەن ئۇقۇم، پەقەت بىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى، چوڭقۇر سوئال ۋە مۇلاھىزىلەر بىلەن ئۆتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ تۇغۇلىدىغان ۋاقتى كەلدى. قوشكېزەكلەر مەۋجۇت دۇنياسىدىن ئايرىلغاندا، ئۇلار باشقا بىر دۇنياغا كۆزلىرىنى ئېچىپ خۇشاللىقىدىن يىغلاشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر، ئۇلارنىڭ خىياللىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى.

(مۇرات چىفتكايا، زەپەر نەشرىياتى، 84ـ بەت)



# ئىمانىنىڭ شەرتلىرى: 6ـ قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش

**قەدەر دېگەن نېمە؟**

كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلارنىڭ قەيەردە، قاچان ۋە قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھتائالانىڭ ئىلگىرى بىلىپ يېزىپ قويغىنىدۇر.

**قازا دېگەن نېمە؟**

كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ئاللاھ تائالانىڭ يازغىنى بويىچە مەيدانغا كېلىشى قازا دەپ ئاتىلىدۇ.

قەدەر ئاللاھنىڭ پىلانى. قازا بولسا، بۇ پىلاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىشىدۇر.

ھەممە ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن قەدەر دېيىلىدۇ. يۈز بەرگەندىن كېيىن قازا دېيىلىدۇ.





## شاھادەتنامە (كارنە) سوۋغىسى

(يىل ئىچىدە ياكى يىل ئاخىرىدا مۇئەييەن ۋاقىتتا مەكتەپ مۇدىرى تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەرسى ۋە دەرسكە قاتناشقان ئەھۋالىنى بىلدۈرىدىغان ئىسپات قەغىزى. نەتىجىسى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئائىلىسىدىكىلەر سوغات بېرىدۇ ياكى ساياھەتكە ئېلىپ چىقىدۇ)













يولدا كېتىۋېتىپ ماشىنىنىڭ چاقى بۇزۇلدى.
بوۋام-موماملارنىڭ ئۆيىگە كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق.
مېنىڭچە چاق ئىشلىدى. بۇنىڭدىمۇ بىر ياخشىلىق بار. لېكىن بۇ كىچىك بىر ۋەقە.
بەلكىم جانابى ئاللاھ قىلغان دۇئالىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، بۇ كىچىك ۋەقە ئارقىلىق بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بىر بالا-قازانىڭ ئالدىنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ئوبدان بىلىشىمىز كېرەك.
بىر سائەتتىن كېيىن...
ماڭايلى باللار! چاقنى ئالماشتۇردۇم.
قاتناش ساقچىسى: يولدا ماشىنىلار قىستىلىپ قالدى.
باللار قاراڭلار، ئالدى تەرەپتە قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. ماشىنىلار زەنجىرسىمان ۋەقە پەيدا قىلىپتۇ.
بىر سائەت بۇرۇن بىر مەست شوپۇر، سول تەرەپتىن خاتا يانغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنىلار ئارقا-ئارقىدىن سوقۇشۇپ ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. شۇڭا، ئازراق ساقلاپ تۇرىسىز.
دادا، بىزنىڭ ماشىنىنىڭ چاقى بىر سائەت بۇرۇن تېشىلىپ كەتكەن ئىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟
ئەگەر ماشىنىنىڭ چاقى تېشىلمىگەن بولسا، بىزمۇ ۋەقەگە ئۇچرىغۇچىلار قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمىز. ھەر نېمە بولسا، چاقنىڭ يېلى چىقىپ كېتىپتىكەن.
چاقنىڭ يېلى چىقىپ كەتمىگەن بولسا، بىزمۇ ئۇ ماشىنىلارغا ئوخشاش ۋەقەگە ئۇچرىغان بولاتتۇق. بىزنى كىچىك ۋەقە بىلەن چوڭ ۋەقەدىن ساقلاپ قالغان كىم؟ بۇ ئىشلارنى كىم ئورۇنلاشتۇرغان؟ بىزنى قايغۇغا سالىدىغان بەزى ۋەقەلەر، بەلكىم بىزگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن ياكى بىز ياقتۇرىدىغان ئىشلار بىز ئۈچۈن ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن. بىز بۇنى ئالدىدىن بىلمىگەچكە، سەۋرچانلىق بىلەن نەتىجىنىڭ ياخشى بولۇشىغا دۇئا قىلىشىمىز لازىم. سۆمەييە ئېيتىپ بېقىڭا! بىز قىلغان دۇئايىمىز بىلەن سۇغۇرتىغا قاتناشتۇقمۇ ياكى قاتناشمىدۇقمۇ؟ باللار ئاللاھنىڭ بىزنى قوغدىغانلىقىنى كۆردۇق! ئى رەببىم! ساڭا كۆپتىن كۆپ رەھمەت.
ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بوۋىسى، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.
بىز باشتا چاتاق چىققانلىقىدىن بەك بىئارام بولدۇق. لېكىن كېيىن بىلسەك بۇنىڭ سايىسىدە چوڭ ۋەقەدىن ئامان قاپتۇق. ھالبۇكى، چاقنىڭ بوزۇلىشى بىز ئۈچۈن ياخشى بىر ئىش ئىكەنتۇق.
باللار، ماڭا ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىڭلار. كېلىڭ قىزىم ئاۋال سىزنى قۇچاقلاي، باللىرىم سىلەرنى بەك سېغىندىم.

# ئىسلامنىڭ شەرتلىرى: 1-كەلىمە شاھادەت

شاھادەت كەلىمىسى: «أَشْهَدُ أَنْ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ» دۇر.

مەنىسى: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.









## ھېكايە: كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ، ھېچبىر ئىبادەت قىلمايلا شېھىت بولۇپ، جەننەتكە كىرگەن كىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان ئۇھۇد ئۇرۇشىدا، ئەمر ئىسىملىك بىر كىشى مەدىنىگە كېلىپ، كىشىلەردىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ سەۋەبتىن ئەمر ساۋۇتىنى (ئوق ئۆتمەيدىغان كىيىم) كىيىپ ئاتقا مىندى. ئۇ ئۇھۇدتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا كېلىشىدى، ئۇلار:

ـ ئەي ئەمر! يېنىمىزغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەمر: «مەن مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كەلدىم»، دېدى. ئەمر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاۋۋال ئۇرۇش قىلايمۇ ياكى مۇسۇلمان بولايمۇ؟» دەپ سورىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بول، ئاندىن ئۇرۇش قىل!» دېدى.

ئەمر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇرۇشۇپ شېھىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «ئۇ ئاز ئىش قىلىپ، كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى» دېدى. يەنى، ئۇ جەننەت ئەھلى بولدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلىمە شاھادەت ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ئىسلامچە ياشىغانلارغا جەننەت بىلەن خوش-خەۋەر بەردى.



# ئىسلامنىڭ شەرتلىرى: 2ـ ناماز ئوقۇش

بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان ھەر بىر مۇسۇلمانغا ناماز ئوقۇش پەرزدۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "ناماز مۇسۇلماننىڭ مىراجىدۇر، يەنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىشتۇر." دېگەن. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراج كېچىسى دۇلدۇل ئىسىملىك بىر ئۇلاغقا مىنىپ، مەككىدىن ئېرۇسالېم (قۇددۇس)قا، ئۇ يەردىن ئاسمانغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بارغان. ئۇ قايتىشىدا مۇسۇلمانلارغا ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ئوقۇلىدىغان نامازنى سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا، مۇسۇلمانلار دۇنيا ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ناماز ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىدۇ.
















«ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر»




«ناماز جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر»



## نامازنىڭ ۋاقىتلىرى

**بامداتنىڭ ۋاقتى:** تاڭ يورىغاندىن باشلاپ، كۈن چىققۇچە داۋاملىشىدۇ.
بامدات 4 رەكئەت، 2 رەكئەت سۈننەت + 2 رەكئەت پەرز.





**پېشىننىڭ ۋاقتى:** قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە باشلىنىپ، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدەك بولغاندا ئاخىرلىشىدۇ. پېشىن 10 رەكئەت، باشتا 4 رەكئەت سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز، ئاخىرىدا 2 رەكئەت سۈننەت.



**ئەسرنىڭ ۋاقتى:** پېشىننىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشى بىلەن ئەسرنىڭ ۋاقتى باشلىنىدۇ.
ئەسر 8 رەكئەت، 4 رەكئەت سۈننەت + 4 رەكئەت پەرز.

**ناماز شامنىڭ ۋاقتى:** كۈننىڭ پېتىشى بىلەن ناماز شامنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ. ناماز شام 5 رەكئەت، 3 رەكئەت پەرز + 2 رەكئەت سۈننەت.



**خۇپتەننىڭ ۋاقتى:** ناماز شام ۋاقتى ئاخىرلىشى بىلەن باشلىنىپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇ 13 رەكئەت، 4 رەكئەت باشتىكى سۈننەت + 4 رەكئەت پەرز + 2 رەكئەت سۈننەت + 3 رەكئەت ۋىتىر ۋاجىپ نامىزى.

**ۋىتىر نامىزى:** ھەر ۋاقىت خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.
ئاللاھ ئوقۇشىمىزغا بۇيرۇق قىلغان ناماز، پەرز ناماز دەپ ئاتىلىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمىر قىلغان ۋە تەۋسىيە قىلغان ناماز، سۈننەت ناماز دەپ ئاتىلىدۇ.

**ۋاجىپ ناماز:** پەرز بىلەن سۈننەت ئارىسىدىكى نامازدۇر.
ئاللاھتائالاغا بولغان يېقىنلىقنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلغان ناماز «نەپلە ناماز» دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇغان كىشى، ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭدە، كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا بۇ كىشىدە كىر دەيدىغان نەرسە قالامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرى:

ـ ياق، ھېچ نەرسە قالمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سۇ كىرنى يوقاتقاندەك، بەش ۋاقىت ناماز گۇناھلارنى يوق قىلىدۇ» دېدى.







**سۇ بەدەننى، ناماز روھنى پاكلايدۇ.**

## ھېكايە: دۇئا گۇناھلارنى يۆگەيدۇ

رەسۇلۇللاھ دوستلىرى بىلەن مەسچىتتە ئولتۇراتتى. بۇ ئەسنادا بىر ئادەم كېلىپ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن گۇناھ قىلدىم، گۇناھىم ئۈچۈن مېنى جازالىغىن. ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ كىشى تەلىۋىنى تەكرارلىدى. پەيغەمبىرىمىز جاۋاب قايتۇرمىدى. ئاندىن ناماز ۋاقتى بولۇپ، ناماز ئوقۇلدى. ئۇ كىشى يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كەينىدىن مېڭىۋىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇ كىشىگە:



ـ ئۆيۈڭدىن ئايرىلغىنىڭدا، تاھارەتنى كامىل ئالدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـ شۇنداق، مەن تاھارەتنى كامىل ئالدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كېيىن بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـ ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

ـ ئۇنداق بولسا، ئاللاھ تائالا قىلىپ سالغان گۇناھلىرىڭنى كەچۈردى، ـ دېدى. مۇكەممەل ئېلىنغان تاھارەت ۋە بەش ۋاقىت ناماز چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇش شەرتى بىلەن، ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

# ئىسلامنىڭ شەرتلىرى: 3. روزا تۇتۇش

**روزا:** ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ، تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغۇچە روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن، يېيىش-ئىچىش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەدەن ئارزۇ قىلىدىغان بىر قىسىم نەرسىلەردىن ئۆزىنى ساقلاش دېگەنلىكتۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «رامىزان ئېيى كەلگەندە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ. شەيتانلارمۇ باغلىنىدۇ» دېگەن.

كۈن پاتقاندىن كېيىن روزىدارنىڭ يېيىش ئېچىشى ئىپتار دېيىلىدۇ.  ئىپتار دۇئاسى:

«اَللَّهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلَى رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ» مەنىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، سەن بەرگەن رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم، ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭ ۋە سالامەتلىكىم ئۈچۈن ساڭا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.»








### روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى:

1. **سەۋر-تاقەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ:** روزا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىز نامراتلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىمىز.
2. **روزا ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.** سوھۇرلۇق (زو) يېيىشكە تەڭ ئويغىنىش، ئىپتار قىلىش ۋە تەراۋى نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئىشلار، ئائىلە ھاياتىمىز ۋە مۇھىتىمىزغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىدۇ. بىز تۇغقانلىرىمىز، خوشنىلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىزنى «ئىپتار»غا تەكلىپ قىلىمىز. مۇشۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە ياخشى ئەسلىمىلەر بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.
3. **ئىجتىمائىي ھەمكارلىق بايلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى بىلەن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.** كىشىلەر بۇ ئايدا زاكات ۋە سەدىقە فىتىر بېرىدۇ ھەمدە ناھايىتى كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ.
4. **سالامەتلىككە پايدىلىق.** بىر يىل بويى چارچىغان ئاشقازان، يۈرەك ۋە باشقا ئەزالار روزا سەۋەبلىك بىر ئاز ئارام ئالىدۇ. نەتىجىدە سالامەتلىكىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئاسرىغان بولىمىز.

**سوھۇرلۇق (زو):** روزا تۇتۇش ئۈچۈن كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق يېيىش.

**سوھۇرلۇق دۇئاسى:** «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بۈگۈن روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلدىم»

## روزا

ئاچ ۋە سۇسىز قېلىشنى،
قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشنى،
ئاللاھقا يېتىشنى،
ئۆگەندىم روزا بىلەن.

بەندىلەرگە رەھىم-شەپقەتنى،
روزا تۇتۇشتىكى رەھمەتنى،
مىڭ بىر خىل ھېكمەتنى،
ئۆگەندىم روزا بىلەن.

بىلدىم نامراتلىقنىڭ نېمىلىكىنى،
ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ نېمىلىكىنى،
ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى،
ئۆگەندىم روزا بىلەن.

دائىم شۈكۈر ئېيتىشنى،
ئاللاھنى ئەسلەشنى،
كۆپ ئىبادەت قىلىشنى،
ئۆگەندىم روزا بىلەن.

-ئىسمائىل ئاسلان



# روزا ھېيت

## روزا ھېيت، روزا تۇتقانلارغا ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى سوۋغىسىدۇر.

- چوڭلارنى زىيارەت قىلىمىز.
- كىچىك بالىلارغا ھېيتلىق بېرىمىز.
- ئۆزئارا ھېيتلىشىمىز. ھېيت كۈنى يېڭى ۋە پاكىز كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىمىز.
- روزا ھېيت نامىزى ئوقۇيمىز.
- ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قوشنىلار ئۆزئارا ھېيتلىشىمىز.





### ھېيت كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر يېتىم قىزنى خۇشال قىلىشى

مەدىنىدە بىر ھېيت ئەتىگىنى ... سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھېيت كۈنى باشقىلار بىلەن ھېيتلىشىۋاتاتتى. ھەممەيلەن شاد-خۇراملىق ۋە بەختىيارلىققا چۆمگەن ئىدى. ھېيتتا بەكرەك شاد-خۇرام ۋە بەختىيار بولىدىغىنى ئەلۋەتتە بالىلاردۇر. بالىلار ھېيتتا كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ، ئۇ تەرەپ، بۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ، خۇشال-خۇرام ئويناۋاتقان ئىدى. ھەممە بالىلار ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر بۇلۇڭدا بويىنىنى قىسىپ تۇرغان بىر قىزنى كۆردى. بۇ قىزنىڭ كىيىم-كېچىكى ياماقلىق، ئاياغلىرى يىرتىق ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ خۇشال كۈندە، بۇلۇڭدا بويىنىنى





قىسىپ تۇرغان قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. قىزچاق يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاۋاتقان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز كۆيۈمچانلىق بىلەن بۇ كىچىك قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ سورىدى:

- ئوماق قىزىم! ھېيتتا نېمىشقا يىغلايسەن؟

تارتىنچاق قىز، بېشىنى كۆتۈرمەستىن ۋە سوئالنى كىمنىڭ سوراۋاتقانلىقىغا قارىماستىن گەپنى باشلىدى:

ــ بۇ ھېيتتا، باشقا باللار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ھېيتنى تەبرىكلەشتى. ئۇلار خۇشال ـ خۇرام ۋە بەختىيار ئوينىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئېسىمگە دادام كەپ قالدى، شۇڭا يىغلاۋاتىمەن، دادام ئالدىنقى ھېيتتا بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ماڭا يېڭى كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغلارنى ئېلىپ بەرگەچكە، مەنمۇ خۇشال بولغان ئىدىم. دادام ئاخىرقى ئۇرۇشتا، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا كەتتى. دادام پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرى شېھىت بولدى. ھازىر دادام يوق. مەنمۇ يېتىم قالدىم. شۇڭا، مەن يىغلىمىسام، كىم يىغلايدۇ؟ ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈرىكى ئاغرىدى. ئۇ كىچىك يېتىم قىزنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

ــ بالام، كۆزۈڭدىكى ياشنى سۈرتۈپ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قارا، ساڭا بىر گەپ قىلىمەن. مەن سېنىڭ داداڭ، فاتىمە ئاچاڭ، ئائىشە ئاناڭ بولۇشىمىزنى خالامسەن؟ بۇ تەكلىپىمگە نېمە دەيسەن؟ يېتىم قىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىغلاشتىن توختاپ، ھەيران قالدى! دېمەككى، دەردىنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە تۆككەن ئىدى. ئۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ پەقەت ھەئە دېيىش ئۈچۈن، بېشىنى ئازراق لىڭشىتتى. يېتىم قىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، خۇشاللىق ۋە بەختىيارلىقىدىن گويا ئۇچۇۋاتقان ئىدى. ئۇ تۇتۇپ ماڭغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېپەكتەك يۇمشاق قولىدىن قەلبىگە بىر خىل ئىللىقلىقنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. يېتىم قىز بۇ



تۇيغۇسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۆيدىكى كىشىلەر ئۇنى بەك ياخشى كۆردى. يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ، چېچىنى تاراپ قويدى. ئۇلار يېتىم قىزغا چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، تاماق بەردى، يەنە ئۇنىڭغا ھېيتلىق پۇل بەردى. ئاندىن ئۇنى باشقا باللار بىلەن ئوينىسۇن دەپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. باللار كىيىمى چىرايلىق ۋە چىرايى پارقىراپ تۇرغان بۇ قىزغا ھەۋەس قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:

ــ قىزچاق، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا شۇنچە خۇشالسەن؟

ــ دەپ سورىدى. قىزچاق كىيىم ـ كېچەك ۋە ھېيتلىق پۇلنى كۆرسىتىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئەمدى مېنىڭمۇ دادام بار بولدى. ئۇ شۇنداق بىر دادىكى، دۇنيادا ئۇنىڭ ئوخشىشى تېپىلمايدۇ. بۇنداق بىر دادا بولسا، كىممۇ خۇشال بولمىسۇنكى... ھەم يۈرىكى رەھىم ـ شەپقەتكە تولغان ئائىشە ئانام بار. چېچىمنى تاراپ قويىدىغان، كىيىمىمنى كىيدۈرۈپ قويىدىغان فاتىمە ئاچام بار... شۇڭلاشقا مەن بەك خۇشال.

### نەسىھەتلەر

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «كىمكى باللىرىنى ھېيت كۈنى كىيىم ـ كېچەك بىلەن زىننەتلەنسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھمۇ ئۇنى ئاشۇنداق زىننەتلەيدۇ» دېگەن. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك ئۆي، يېتىمگە خىزمەت قىلىدىغان ئۆيدۇر، يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنى قوغدىغان كىشى، جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېگەن.

# ئىسلامنىڭ شەرتلىرى: 4ـ ھەج قىلىش

**ھەج:** ئېھرام باغلىغان ھالەتتە، كەبە ۋە ئەتراپىدىكى مۇقەددەس يەرلەرنى، شەرىئەت بەلگىلىگەن ئۇسۇل بويىچە زىيارەت قىلىشتۇر.



**ئېھرام:** ئەر كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ بەل قىسمىدىن باشلاپ، تۆۋەن قىسمىغىچە يۆگىلىدىغان، دۈمبىسىگە ئارتىلىدىغان ئۈزۈن، ئاق رەڭلىك ئىككى پارچە رەخت. ئاياللار ئېھرامنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن كىيىم كىيىدۇ.

### تەلبىيە دېگەن نېمە ۋە قاچان ئېيتىلىدۇ؟

ھەج قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى تەلبىيە دۇئاسى داۋاملىق ئوقۇلىدۇ.

**لەببەيك ئاللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك ئىننەل ھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك، لا شەرىكە لەك.**

مەنىسى: "ئى ئاللاھ! مەن تەييار بولدۇم، مەن تەييار بولدۇم، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق. چاقىرىقىڭغا چىن دىلىمدىن ئاۋاز قوشىمەن. شۈبھىسىزكى، بارلىق ماختاش، نېمەت، پادىشاھلىق ساڭىلا خاستۇر. سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق."

**كەبە:** مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان جاي. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان تۇنجى ئۆي ۋە زېمىندىكى تۇنجى ئىبادەتخانا.





كەبىنىڭ ئورنى غايىب بولغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىرلىكتە يېڭىدىن بىنا قىلغان.

**تاۋاپ:** كەبىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش)قا ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن باشلىنىپ، كەبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىش تاۋاپ دەپ ئاتىلىدۇ.

**سەئيى:** ھەزرىتى ھاجەرنىڭ سۇ، يېمەكلىك ۋە ئادەم تېپىش مەقسىتىدە، سافا بىلەن مەرۋە دۆڭلىكى ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ ـ كېلىشى سەۋەبىدىن بۇ دۆڭلۈك ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ كېلىش سەئيى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئەراپات:** ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستان (سەرەندىپ ئارىلى)غا ھاۋۋا ئانىمىز جىددىگە چۈشكەن. ئۇلار زېمىننىڭ ئوخشىمىغان يېرىگە چۈشكەندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنى ئىزدىگەن. ئۇلار ھارپا كۈنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئىككىسى ئۇچراشقان بۇ يەر ئەراپات دېيىلىدۇ.





ئوخشاش ۋاقىتتا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋىدالىشىش ھەججىدە، ۋىدالىشىش نۇتقىنى بۇ يەردە سۆزلىگەن.

**ماقامى ئىبراھىم:** ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلىپ بولغاندىن كېيىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

- ئىنسانلارنى ھەج قىلىشقا چاقىر. - دېگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
- نېمە دەپ چاقىرىمەن؟ - دەپ سورىغاندا. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام:
- ئى ئىنسانلار! رەببىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇڭلار، دەپ چاقىر، - دېگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

- ئى رەببىم! مېنىڭ ئاۋازىم ئىنسانلارغا قانداق يېتىدۇ؟ - دېگەندە

جانابى ئاللاھ:

- سەن چاقىر، ئۇنى ئىنسانلارغا مەن يەتكۈزىمەن. - دەپ بۇيرۇق قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ماقامى ئىبراھىم دەپ ئاتىلىدىغان مۇستەھكەم تاشنىڭ ئۈستىگە چىققان. مۆجىزە سۈپىتىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتى تاشقا پېتىپ، پۇتىنىڭ ئىزى قالغان. ئۇ خەلق ئارىسىدا: "ماقامى ئىبراھىم" دەپ ئاتالغان. ھازىر ئۇ بىر ئەينەك پانۇس ئىچىدە بولۇپ، كەبىنىڭ يېنىدا.



ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈستىگە دەسسىگەن بۇ تاش، ئېگىزلەپ-ئېگىزلەپ تاغدىنمۇ ئېگىز بولۇپ كەتكەن.

بۇ ۋاقىتتا، تۈزلەڭلىك، تاغ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئادەملەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزى قاتلىنىپ، بىر يەرگە توپلانغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بارماقلىرىنى قۇلىقىغا تىقىپ، ئوڭ، سول، شەرق ۋە غەرب تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

- ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ھەج قىلىش پەرز قىلىندى. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىڭلار، - دەپ چاقىرغان. بۇ چاقىرىققا «لەببەيك ئاللاھۇممە لەببەيك» «ئى ئاللاھ! مەن تەييار بولدۇم، تەييار بولدۇم» دېگەن ئەكسى سادا كەلگەن.

# ھېكايە: زەمزەمنىڭ چىقىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسى پەلەستىندە ياشايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن بۇيرۇق كېلىپ، ئايالى ھاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ، بۈگۈنكى كەبە بار يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا، بۇ يەر قاقاس بىر چۆللۈك ئىدى، ھېچقانداق ئۆسۈملۈك يوق، ئادەمزاتمۇ ياشىمايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھەزرىتى ھاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى يالغۇز ھالەتتە، بۇ قاقاس يەرگە قويۇپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلدى. ھەزرىتى ھاجەر بالىسى ئىسمائىل بىلەن يالغۇز قالدى. ئۇ ھەزرىتى ئىبراھىمغا مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى:

ـ ئى ئىبراھىم! بىزنى يالغۇز تاشلاپ، نەگە بارىسەن؟ بۇنداق قىلىشقا ئاللاھ سىنى بۇيرىدىمۇ؟ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە نېمە دېيىشنى بىلمىدى. چۈنكى بىر تەرەپتە ئاللاھنىڭ ئەمرى، يەنە بىر تەرەپتە ئايالى ۋە بالىسى. ئۇ: «ئاللاھتائالانىڭ بۇ يەرگە بالا ـ چاقىلىرىمنى قالدۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىشىدا، چوقۇم بىر ھېكمەت بار» دەپ ئويلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە ھاجەر، بۇنى ئاللاھ بۇيرىدى، ـ دېدى. ھەزرىتى ھاجەر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلىرى تۈگىدى. ھەزرىتى ھاجەر، كۆڭلى يېرىم بولغان ھەزرىتى ئىبراھىمغا تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنداقتا، سەن مېڭىۋەرگىن! ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئۇ بىزنى قوغدايدۇ، بىزنى يالغۇز قويمايدۇ، ـ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۇزاقلىشىپ، بىر ئېگىزلىككە كەلگەندە، كەبە تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن» (سۈرە ئىبراھىم، 37 ـ ئايەت) دەپ دۇئا قىلدى.

## زەمزەم سۈيى

ئىسمائىل تېخى ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بىر بوۋاق ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى سۇ ۋە يېمەكلىك تۈگىدى. ھەزرىتى ھاجەر بەك ئۇسساپ كېتىپ، سۈتى توختاپ قالدى. بالىمۇ ئۇسساپ كەتتى ۋە قورسىقى ئاچتى. ھەزرىتى ھاجەر ئوغلىنىڭ ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىر ئانا بۇنىڭغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟. ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ، ئالدى تەرەپتىكى سافا ئېگىزلىكىگە يۈگۈردى. بىرەرسىنى كۆرەرمەنمۇ دەپ، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ سۇ، يېمەكلىك ياكى ئادەمنى كۆرمىدى. ئۇ سافا ئېگىزلىكىدىن چۈشۈپ، كېيىمىنىڭ ئېتىكىنى يىغىپ مەرۋە ئېگىزلىكىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يەردىمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. ئىسسىق قۇم ئۇنىڭ پۇتىنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى. لېكىن ئىنسان ئۈمىدۋار ياشايدۇ. ھەزرىتى



هاجەر يىغلاپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم غەيرەت قىل، ئوغلۇم غەيرەت قىل، ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە كېلىدۇ» دېدى. ھەزرىتى ھاجەر سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرگەندە:

- ئى تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغان رەببىم! مېنى ئەپۇ قىلغىن، مېنى كەچۈرگىن! مېنىڭ گۇناھلىرىم سەۋەبىدىن ئىسمائىلنى ئۇسسۇز ۋە ياردەمسىز قويمىغىن! ئىبراھىمغا رەھىم قىلغان، ئىبراھىمنى ئوتتىن ساقلىغان ئى رەببىم! ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىدە قىينىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن، ئۆتۈنۈپ قالاي ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن ئى رەببىم! - دەپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ھاجەر سافا بىلەن مەرۋە ئېگىزلىكى ئارىسىدا بىر نەرسە تېپىشنى ئۈمىد قىلىپ، يەتتە قېتىم بېرىپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن ھاجىلارنىڭ سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ-كېلىشگە (سەئيى قىلىش) دېيىلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا، ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلاپ پۇتىنى يەرگە ئۇردى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەرىشتە، ئىسمائىل پۇتى بىلەن ئۇرغان يەرنى قانىتى بىلەن كولىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇ ئېتىلىپ چىقتى.



ھەزرىتى ھاجەر «ئىسمائىل ئاچلىقتىن قازا قىلدى» دەپ ئويلاپ، بالىسىنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە ناھايىتى ھەيران قالدى. ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھىمىز، ئۇلارغا بۇ ئادەمزات يوق، چۆلدە ياردەم قىلدى. ئىسمائىلنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلاپ، پۇتىنى ئۇرغان يەردىن سۇ چىقتى. ھەزرىتى ھاجەر بۇلدۇق-بۇلدۇق قىلىپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنى يوقاپ كەتمىسۇن، دەپ زەمزەم زەمزەم (توختا، توختا) دەپ تولىدى. ئۇ دەرھال ئالقىنى بىلەن سۇنى توستى. ئىسمائىل بىلەن ھاجەر بۇ سۇدىن قانغىچە ئىچتى. بارلىق ھاجىلارمۇ زەمزەمدىن ھازىرغىچە قانغۇچە ئىچىپ كەلمەكتە. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇ يەرگە كەلدى. ئۇلار سۇنى كۆرۈپ، ئۇلار بۇ گۈزەل سۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشماقچى بولۇپ، ھەزرىتى ھاجەردىن ئىجازەت ئالدى. ھەزرىتى ھاجەر بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنى يالغۇز قويمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەككە شەھىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. نەچچە يىلدىن كېيىن، ھەزرىتى ئىبراھىم مەككىگە كەلدى. ئاتا-بالا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇلى يوقاپ كەتكەن كەبىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. مانا ئەمدى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۇلارنى يالغۇز بىر يەرگە تاشلاپ قويۇشىدىكى ھېكمەت (سەۋەب) ئېنىق بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى ھاجەر توقسان يېشىدا ۋاپات بولۇپ، كەبىنىڭ يېنىدىكى ھىجر دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن.

# ھېكايە: ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى ۋە قۇربان ھېيت

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تېخى يەتتە ياكى سەككىز ياشلاردا ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى چۈشىدە، مۇنداق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى:

- ئاللاھ سەندىن ئوغلۇڭ ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ چۈشنى قايتا-قايتا كۆردى. كېيىن بۇ چۈشنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ: «ئى رەببىم! مەن بۇنى قانداق قىلىمەن، ھەم قانداق قىلالايمەن؟" دەپ يىغلىدى. سۆيۈملۈك ئوغلى ئىسمائىلمۇ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەتتى. لېكىن قەدىرلىك ئوغلىنى قانداق قۇربانلىق قىلالايتتى؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۈنلەر، ھەپتىلەر ۋە ئايلارنى بۇ دەرد-ئەلەم، قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزدى. ھەم بۇ دەرد بىلەن ئىسمائىلنىڭ ئازراق چوڭ بولۇۋېلىشىنى كۈتتى. كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلىغا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتتى. شەيتان (ئاللاھنىڭ لەنىتى ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەزرىتى ئىبراھىم، ھاجەر ۋە ئىسمائىلغا ئايرىم-ئايرىم كۆرۈندى. ئۇلارنى بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنداشتىن ۋاز كەچكۈزۈشكە قاتتىق تىرىشتى. لېكىن بۇ ئۈچەيلەن شەيتاننى چالما-كېسەك قىلدى. (كۈنىمىزدە مەككىگە بارغان ھاجىلارمۇ، شەيتان كۆرۈنگەن يەرلەرگە، سىمۋول خاراكتېرلىك تىكلەنگەن ئۈچ تۈرۈككە تاش ئاتىدۇ) شۇنداق قىلىپ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا مېڭىپ، يوگرەيدىغان بولغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

- ئوغلۇم! ھەقىقەتەن مەن سېنى چۈشۈمدە قۇربانلىق قىلىپ كۆردۈم. ئويلىنىپ باق، سەن نېمە دەيسەن؟ - دېدى. مۇشۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يېنىدا مېڭىپ، يۈگۈرگىدەك بولغان ئىسمائىلنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىپ، ئۆزىدىن يىراقلىشىشىنى ئۈمىد قىلدى. چۈنكى بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئۆزى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىغان، ئىسمائىلمۇ قۇربانلىق قىلىنىشتىن ئامان قالغان بولاتتى. ئىسمائىل قۇلىقى يۇمشاق، ئىتائەتچان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا مۇستەھكەم باغلانغان بالا ئىدى. ئۇ دادىسىغا مۇنداق دېدى:

- جىنىم دادا، بۇيرۇلغان ۋەزىپەڭنى ئادا قىل. ئاللاھ خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچىلاردىن كۆرىسەن. - دەپ ئىككى كۆزىنى يۇمۇپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا باغلىدى، يۈزىنى ئالدىدىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويدى.



ئاخىرىدا ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا تەسلىم بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ پېشانىسىنى تاشقا قويۇپ ياتقۇزدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

- ئى رەببىم! مەن سېنىڭ دېگىنىڭدەك، بۇيرۇقۇڭنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تەييار بولدۇم. - دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىتتىرەپ تۇرغان قولىدىكى پىچاقنى، ئېگىشىپ ياتقان، يۈزى ۋە كۆزى تېگىشلىق سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ گېلىغا تەگلىدى. ئۇ ھېچنېمىنى ئويلاش ياكى ھېس قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ: «بۇ ئىش ئاخىرلاشسۇن، ئەمدى بۇ ئىش ئاخىرلاشسۇن»، دېگەن تۇيغۇ ئىچىدە: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاللاھ بۈيۈكتۇر» دەپ پىچاقنى ئىسمائىلنىڭ گېلىغا سۈردى. لېكىن ھەيران قالارلىق بىر ئىش يۈز بەردى. ئۆتكۈر پىچاق كەسمىدى. نەمرۇت تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوت كۆيدۈرمىگەن ئىدى. ھازىر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پىچاق ئىسمائىلنى كەسمىدى. پىچاق تېرىگە تەگكەن پەيتتە، رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ (بۇ دۇنيادا پۈتكۈل مەخلۇقاتىغا مەرھەمەت قىلىدىغان) راھمان تائالانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! دەپ نىدا قىلدۇق. سەن راستىنلا ئۇ چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ. شەك-شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەمرىمىزگە بويسۇنغانلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز» دېدۇق. تۇيۇقسىز بىر پەرىشتە بىر قوچقار بىلەن پەيدا بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:



- بۇ قوچقارنى قۇربانلىق قىل. ئىسمائىلنىڭ ھايات قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ بۇنى ھەدىيە قىلدى، - دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى يورىدى. ئۇ ئەسلىدىلا بەك مەرھەمەتلىك ۋە مۇلايىم بىر خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. ئۇ قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى ئۆزىگە ھەدىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا شۈكۈر قىلدى. شۇڭا، ئۇ كۈندىن باشلاپ، ئاللاھنىڭ ئىسمائىلنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا شۈكۈر ئېيتىش ئۈچۈن، قۇربانلىق قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىمىز. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەنگە قەدەر، ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىنسانلارنى قۇربانلىق قىلىش چۈشەنچىسى بۇ ۋەقە بىلەن بىرلىكتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بىز بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈننى قۇربان ھېيت سۈپىتىدە تەبرىكلەيمىز. قۇربان ھېيت ئاللاھتائالاغا ئىمان ئېيتقانلارغا ئاللاھنىڭ ھەدىيەسىدۇر. بۇ ھېيت روزا ھېيتتىن ئىككى ئاي ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تەبرىكلىنىدۇ.

# ئىسلامنىڭ شەرتلىرى: 5-زاكات بېرىش

زاكات، بىر مۇسۇلمان قەرزلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، زۆرۈر ئېھتىياجىدىن ئارتۇق 81 گىرام ئالتۇن ياكى شۇنىڭ قىممىتىگە تەڭ پۇلغا ئىگە بولسا، دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇنىڭ قىرىقتىن بىرىنى يەنى مالنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى زاكاتقا ئايرىشىدۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «مال-مۈلكۈڭلارنى زاكات بىلەن قوغداڭلار، كېسەللىكلىرىڭلارنى خەير-ساخاۋەت بىلەن ساقايتىڭلار، بالا-قازا دولقۇنىغا دۇئا بىلەن قارشى تۇرۇڭلار» دېگەن. زاكات باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق، ئۆز ئارا مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنى كۈچەيتىدۇ. جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق ۋە قېرىنداشلىق تۇيغۇسى تەرەققىي قىلىدۇ. زاكات مالنى ئازايتماستىن، ئەكسىچە ئۇنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ. زاكات بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى يوقىتىپ، ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.



## زاكات مال-مۈلۈكنى قوغدايدۇ



بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكاتنىڭ پايدىسى ھەققىدە دوستلىرىغا: «زاكات بېرىش مال-مۈلكۈڭلارنى مەنىۋى تام بىلەن قورشاپ، ئۇنى قوغدايدۇ» دېگەن سۆزىنى يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىر خىرىستىيان ئاڭلاپ، بۇنى سىناپ بېقىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ، نېمىسى بولسا، ئۇنىڭ زاكىتى ۋە سەدىقىسىنى ئايرىپ، كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بەردى. بۇ ئەسنادا ئۇنىڭ شېرىكى تىجارەت مەقسىتىدە يولغا چىقتى. بۇ خىرىستىيان:

- ئەگەر مۇھەممەدنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولسا، مەن ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قارار قىلىمەن ۋە دىنىنى قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر بۇنچە كۆپ تارقاتقان مېلىمنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمىسا، قىلىچىمنى ئېلىپ، مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، - دېدى.

بۇ كىشى بەرگەن سەدىقىسىنىڭ نەتىجىسىنى كۆتۈپ تۇرغان ۋاقىتتا، شەرىكىدىن كەلگەن بىر مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالدى. مەكتۇپتا:

«تولىمۇ ئەپسۇس، (كۆڭلۈم يېرىم ھالدا دەيمەنكى)، قاراقچىلار يولىمىزنى كېسىپ، كارۋاندىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئېلىۋالدى" دەپ يېزىلغان ئىدى. خىرىستىيان كاللىدىن ھوشىدىن بولدى. ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ، مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قاتتىق غەزەپ بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، شېرىكىدىن ئىككىنچى بىر مەكتۇپ كەلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان ئىدى:



ـ مەن سىزگە بۇرۇن يازغان خېتىمدە تىلغا ئالغانلىرىمغا زىت ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىزنىڭ بىر تۆگىمىز يارىلانغان بولۇپ، مەن كارۋاندىن نەچچە يۈز مېتىر ئارقىسىدا قالغان ئىدىم. ئالدىمىدىكى كارۋاننىڭ پۈتۈنلەي بۇلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار چوقۇم مېنىمۇ تۇتۇۋالىدۇ، دەپ سىزگە بىرىنچى مەكتۇپنى يازغان ئىدىم. لېكىن غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردىكى، قاراقچىلار مېنى كۆرمەيلا كېتىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مال-مۈلكىمىز قاراقچىلاردىن ئامان قالدى. ھېچ قايغۇرماڭ! بىز ساق-سالامەت يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز». ئۇ كىشى ھەمراھىدىن ئىككىنچى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل پەيغەمبەرنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلامنى بايان قىل. مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى سىناپ بېقىپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھازىر مېنىڭ مۇسۇلمان بولغۇم بار، ـ دېدى ۋە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

«يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي مەبۇد يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن.»

## تاھارەتنىڭ پەرزلىرى: 4

1- بىر قېتىم يۈزنى يۇيۇش.



2- ئىككى قولنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.



3- بېشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىش.



4- ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.



### تاھارەتنىڭ پەرز، سۈننەت ۋە ئەدەپلىرى

ناماز ئوقۇش ياكى باشقا بىر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىنىدۇ.

نىيەت قىلدىم تاھارەت ئېلىشنى، «ئەئۈزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم» مەنىسى: «لەنەتكەردى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىمەن» دەپ باشلايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، تەرتىپ بىلەن ئىككى قول ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. ئىككى قول يۇيۇلغاندا، بارماقلار ئارىسى ئۇۋۇلاپ يۇيۇلىدۇ. ئەگەر بارمىقىدا ئۈزۈك بولسا، ئۇنى مىدىرلىتىدۇ. ئاندىن ئېغىزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، چايقايدۇ. ئەگەر مسۋاك ياكى چىش چوتكىسى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن چىشنى چوتكىلايدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىلىسى بولمىسا، ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چىشنى چوتكىلايدۇ. ئاندىن بۇرۇنغا ئوڭ قولى بىلەن سۇ ئېلىپ، سول قولى بىلەن مىشقىرىدۇ. ئاندىن يۈز نى چاچ ئۈنگەن يەردىن باشلاپ، ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. ئاندىن ئالدى بىلەن ئوڭ قول، ئاندىن سول قول جەينەك بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. ئاندىن باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە ھۆل ئوڭ قولنىڭ ئالقىنى بىلەن مەسھى قىلىنىدۇ. كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن قۇلاقنىڭ ئىچىگە، باش بارماق بىلەن قۇلاقنىڭ ئارقا تەرىپىگە مەسھى قىلىنىدۇ. بارماقلىرىنىڭ سىرتى بىلەن گەدەنگە مەسھى قىلىنىدۇ. ئوڭ پۇت كىچىك بارمىقىدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن ئوڭ پۇت، كېيىن سول پۇت ئوشۇقى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. تاھارەت ئېلىپ بولغاندا ئوڭ قولى بىلەن سۇ ئېلىپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچىش سۈننەتتۇر. ئەگەر ناماز ئوقۇش مەكرۇھ قىلىنغان ۋاقىت بولمىسا، ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇلىدۇ. ھەر بىر تاھارەت ئالغۇچى، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قىبلىگە قاراپ، «كەلىمە شاھادەت» ۋە «ئىننا ئەنزەلناھۇ» يەنى قەدىر سۈرىسىنى 3 قېتىم ئوقۇسا، كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

### تاھارەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر مۇئمىن ياكى بىر مۇسۇلمان بەندە تاھارەت ئېلىپ، يۈزىنى يۇغاندا كۆزى بىلەن قارىغان گۇناھىنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قولىنى يۇغاندا قول بىلەن تۇتۇپ قىلغان گۇناھلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. پۇتىنى يۇغاندا پۇتى بىلەن مېڭىپ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم بارلىق كىچىك گۇناھلاردىن پاكلىنىدۇ» دېگەن.

## غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى: 3

1 ـ سۇ بىلەن ئېغىزنى غەر ـ غەر قىلىپ چايقاش.



2 ـ بۇرنىغا دىماغقىچە سۇ ئېلىپ يۇيۇش.



3 ـ پۈتۈن ۋۇجۇدنى ھېچبىر يەرنى چالا قويماي تولۇق يۇيۇش.



### غۇسۇلنىڭ پەرز، سۈننەت ۋە ئەدەبلىرى

غۇسۇل قىلماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن دۇئا قىلىش مەقسىتىدە: «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم» مەنىسى: «لەنەتكەردى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىمەن» دەيدۇ. ئاندىن: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن جۇنۇپلۇقتىن پاك بولۇشقا» دەپ نىيەت قىلىدۇ.

قولنى بېغىشىغىچە يۇيۇپ، ئۇستىگە چاپلىشىپ قۇرۇپ قالغان نەرسىلەر بولسا، ئۇلارنى پاكىزلايدۇ. ئاندىن ئەۋرەتنى ۋە يوتىسىدا بىرەر مەينەت نەرسە بولسا، ئۇنى يۇيىدۇ. ئەگەر ئۇنداق نەرسە بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەرنى يۇيىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوڭ قولى بىلەن ئېغىزىغا سۇ ئېلىپ، ئېغىزنىڭ ئىچىنى بوغۇزىغىچە ۋە چىش ئارىلىقلىرىنى ئۈچ قېتىم چايقايدۇ. ئەگەر ئۇ روزىدار بولمىسا، ھەر قېتىم ئېغىزىغا لىق سۇ ئېلىپ، ئېغىزنىڭ ھەممە تەرىپىنى تاكى بوغۇزىغىچە ناھايىتى ياخشى چايقىغاندىن كېيىن سۇنى تۆكىۋېتىدۇ. ئاندىن ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. ئۇ بۇرنىغا ھەر قېتىم سۇ ئالغاندا، بۇرنىنىڭ ئىچىدە چاڭ ـ توزاڭ ۋە ھەرتۈلۈك قۇرۇپ قالغان مەينەت نەرسىلەرنىڭ قېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سول قولى بىلەن مىشقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇددى نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ غۇسلى قىلغاندا دەسسىگەن يەرگە سۇ يىغىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ تاھارەت ئالغاندا پۇتىنى يۇماي، غۇسلى قىلىپ بولۇپ، چىققان چاغدا يۇيىدۇ. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، باشتا بېشىغا، ئاندىن ئوڭ مۈرىسىگە، ئاندىن سول مۈرىسىگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇپ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيىدۇ. ئۇ يەنە كىندىكىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە قۇلىقىدىكى ھالقا تۆشۈكلىرىنى يۇيىدۇ. چېچىنى ئۇۋۇلاپ، سۇنى چاچ يىلتىزىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بەدىنىدە بىرەر جاراھەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە دورا تېڭىق بولسا، ئەگەر ئۇ دورىنى ئېلىۋەتسە زىيىنى بولىدىغان بولسا، سۇنى دورا ئۈستىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر دورىنىڭ ئۈستىدىن سۇ ئۆتكۈزسە، بىرەر زىيىنى بولسا، تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلسا بولىدۇ.

### غۇسۇلنىڭ پايدىسى

غۇسۇل قىلىش بەدەندىكى ئېلېكتىر ئېقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. ئۇ قان ئايلىنىش ۋە قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرىدۇ. ئۇ تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ راھەت نەپەسلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى: 2

1 ـ تەيەممۇمغا نىيەت قىلىش.

2 ـ ئىككى قولنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ، يۈزنى سىلاش ۋە ئىككى قولنى يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ، بىلىكنى سىلاش.



1 ـ رەسىم



2 ـ رەسىم



3 ـ رەسىم



4 ـ رەسىم



5 ـ رەسىم



6 ـ رەسىم



7 ـ رەسىم

**تەيەممۇم قانداق قىلىنىدۇ؟** (ئەر ۋە ئاياللىنىڭ تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش)

ئالدى بىلەن بىلەكلەر خۇددى تاھارەت ئالىدىغاندەك تەييارلىنىدۇ. ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللاھ دەيدۇ. «تاھارەتسىزلىكتىن ۋە جۇنۇپلۇقتىن پاك بولۇشنى نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن بارماقلارنى ئېچىپ، ئىككى ئالقىنىنى پاكىز تۇپراق ياكى تۇپراق جىنسىدىن بولغان ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە يەڭگىل ئۇرۇپ، قولنى سىلكىۋېتىپ، يۈزنىڭ ھەممە يېرىگە ئىككى ئالقىنى بىلەن مەسھى قىلىدۇ. (2 ـ 3 ـ رەسىمدىكىگە ئوخشاش). ئاندىن ئىككى ئالقىنىنى ئوخشاش شەكىلدە تەكرار تۇپراققا ئۇرىدۇ. ئاۋۋال سول قولنىنىڭ باش ۋە كۆرسەتكۈچ بارماقلىرىنىڭ ئارىسى ئېچىلىدۇ. قالغان ئۈچ بارماقنىڭ ئىچ تەرىپى بىلەن ئوڭ بىلەكنىڭ ئىچ تەرىپىنى بارماقنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ جەينەككىچە مەسھى قىلىنىدۇ. (4 ـ رەسىمدىكىگە ئوخشاش)

يەنە ئوخشاش شەكىلدە بۇ قېتىم ئوڭ قولنى ئىشلىتىپ، سول بىلەككە مەسھى قىلىنىدۇ. (5 ـ رەسىمدىكىگە ئوخشاش)

ئاندىن ئوڭ بىلەكنىڭ سىرتقى تەرىپى، سول قولدىن ئايرىلغان باش ۋە كۆرسەتكۈچ بارماقلىرى بىلەن مەسھى قىلىنىدۇ. (6 ـ رەسىمدىكىگە ئوخشاش)

ئاندىن ئوڭ قولنىڭ باش ۋە كۆرسەتكۈچ بارماقلىرى بىلەن سول بىلەكنىڭ سىرتقى تەرىپى مەسھى قىلىنىدۇ. (7 ـ رەسىمدىكىگە ئوخشاش)

يۈز، قول ۋە بىلەك قاتارلىق ئەزالارنىڭ ھېچقانداق يېرى چالا قالماستىن قىلىنغان تەيەممۇم، تەيەممۇمنىڭ پەرزى ۋە سۈننىتىگە ئۇيغۇن قىلىنغان تەيەممۇم بولىدۇ.

## نامازنىڭ پەرزلىرى: 12

### A ـ نامازنىڭ شەرتلىرى (سىرتىدىكىلەر): ئالتە، ئۇلار:



**1 ـ ھادەستىن تاھارەت:** كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەنىۋى كىردىن تاھارەت، غۇسۇل ۋە تەيەممۇم بىلەن پاكلىنىش.

**2 ـ نىجاسەتتىن تاھارەت:** بەدەن، كىيىم-كېچەك ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان يەرلەردىكى كۆزگە كۆرۈنىدىغان ماددىي (كىچىك ۋە چوڭ تەرەتلەرگە ئوخشاش) نىجاسەتلەرنى تازىلاش.



**3 ـ سەترى ئەۋرەت:** دىنى جەھەتتە ئوچۇق تۇرۇشى چەكلەنگەن يەرلىرىنى يېپىش. ئەرلەر كىندىك بىلەن تىز ئارىسىنى، ئاياللار يۈز، قول ۋە پۇتتىن باشقا پۈتكۈل يەرلىرىنى يېپىش.

**4 ـ ئىستىقبالى قىبلە:** ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا قىبلىگە قاراش.

**5 ـ ۋاقىت:** ھەر نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش.

**6 ـ نىيەت:** ئوقۇماقچى بولغان ناماز ئۈچۈن نىيەت قىلىش.



### B ـ نامازنىڭ رۇكۇنلىرى (ئىچىدىكىلەر): ئالتە، ئۇلار:

**1 ـ** نامازنى باشلاش تەكبىرى: نامازنى ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر) دەپ باشلاش.

**2 ـ** قىيام: ناماز ئوقۇغاندا ئۆرە تۇرۇش.

**3 ـ** قىرائەت: نامازدا قۇرئان ئوقۇش.



**4 ـ** رۇكۇ: رۇكۇ قىلىش، يەنى ئېگىلىش. رۇكۇ قىلغاندا: «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» مەنىسى: «جانابى ئاللاھ پۈتۈن نۇقسانلاردىن پاكتۇر» دېيىلىدۇ.

**5 ـ سۇجۇد:** سەجدە قىلىش. سەجدىدە: «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» مەنىسى: «ئاللاھ پۈتۈن نۇقسانلاردىن پاكتۇر» دېيىلىدۇ.

**6 ـ قەئدە ئاخىرە:** ئاخىرقى ئولتۇرۇش، نامازنىڭ ئاخىرىدا: «ئەتتەھىييياتۇ»نى ئوقۇپ بولغۇچىلىك مىقداردا ئولتۇرۇش.







# تاشنى تەشكەن سۇ تامچىسى

مەكتەپكە ۋاقتىدا بارىدىغان بىر بالا بار بولۇپ، ئۇ بەك تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى. لېكىن ئۇ قانداقتۇ بىر شەكىلدە دەرسلىرىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار بۇ بالىغا بىر مەزگىل كۆڭۈل بۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ۋاز كەچتى. بالا بۇ ئەھۋالدىن بەك بىئارام بولدى. دوستلىرى ئاللىقاچان دەرستە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بالا كۆڭلەرىنىڭ بىرىدە مۇنداق قارارغا كەلدى:



- مەن بۇ قەدەر كۈچ سەرپ قىلدىم ۋە بەك تىرىشتىم، يەنىلا دەرسلەرنى چۈشىنەلمىدىم. ئوقۇش ماڭا نېسىپ بولمىغان ئوخشايدۇ. ئەڭ ياخشىسى مەن يېزامغا قايتىپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەي. ئۇ بۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئەتىگەن سەھەردە يولغا چىقىپ، خېلى ئۇزۇن ماڭدى. يول ئۇزۇن، قۇياش كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى چارچاپ، تەرلەپ كەتتى. ئۇ ئالدى تەرەپتە بىر ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ، ئۇ يەرگە كىرىشنى ئويلاپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە بولمىغانلىقتىن، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئىچىگە كىردى. ئازراق بىر نەرسە يەپ، ئۇخلاپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر بۇلۇڭدا ياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدىن تامچىلاۋاتقان سۇغا چۈشتى. ئۇ يۇقىرى تەرەپكە يىغىلىپ، كۆپىيەتتى، تامچە بەك كۆپ بولۇپ ئۆزىنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە كۆپەيگەندە، ئۇ ئېقىپ يەردىكى تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. بۇ تامچىلارنىڭ قانچە يىلدىن بېرى تامچىلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ. سۇ تامچىسى تامچىلاۋېرىپ يەردىكى تاشنى ئويىۋەتكەن ئىدى. ھالبۇكى، تاش قاتتىق بولسىمۇ سۇ تامچىسى ئۇنى يۇمشاتتى. يۇمشاق سۇ تامچىسى قانداق قىلىپ، تاشتىن تۆشۈك ئاچتى؟! تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماق چاقتى. يۇمشاق سۇ تامچىلىرى نەچچە يىللاردىن بېرى تامچىپ، قاتتىق تاشلاردىن تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئۆزىمۇ مۇستەھكەم تۇرۇپ دەرسنى ئوقۇۋەرگەن ۋە ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسلىرىگە قۇلاق سېلىۋەرگەن بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كاللىسىغا بىرەر نەرسە كىرەر ئىدى.

- ئۇ ھەرقانچە بولسا، مېنىڭ كاللام بۇ تاشتىنمۇ قاتتىق ئەمەستۇ، - دېدى. ئەڭ مۇھىمى قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، سەۋرچانلىق ۋە ئىرادىلىك بىلەن تىرىشىش كېرەك. ئۇ كۆرگەن سۇ تامچىسىغا ئوخشاش چىڭ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا كىتابلاردىكى مەلۇماتلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزلىگەنلىرى چوقۇم كاللىسىغا چۈشەتتى. ئەگەر كىتابنى بىرىنچى قېتىمدا چۈشەنمىسە، يەنە بىر قېتىم ئوقۇغاندا چۈشىنىپ قالاتتى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىشەنچ باغلاپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئۆڭكۈردىن ئايرىلدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ قاتتىق تىرىشىپ-تىرمىشىپ دوستلىرىغا يېتىشۋالدى. ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭدىكى بۇ تىرىشچانلىقنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇلار بۇ بالىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلدى. بۇ بالا دوستلىرىدىن ئېشىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېتۈك بىر ئالىمغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئوقۇشقا ھېرىسمەنلىكى ۋە توختىماي تىرىششى، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ كىتابلىرى نەچچە ئەسىرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، كۈنىمىزدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئۇ ئۆزىدىن قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز دەپ سورىغانلارغا:

- مەن كىچىك ۋە يۇمران تامچىلار تۆشۈك ئاچقان تاشتىن ئىبرەت ئالدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. بۇ يېتۈك ئالىم «تاش ئوغلى» دېگەن مەنىدە كەلگەن، ئىبنى ھەجەر نامى بىلەن ئاتالغان ئالىم كىشى ئىدى.

## نەسىھەتلەر

تاشتىن تۆشۈك ئاچقىنى سۇنىڭ كۈچى ئەمەس، بەلكى سۇ تامچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكىتىدۇر. ھېچكىم ھەرقانداق بىر تېمىنى چۈشەنمىدىم دېمەسلىكى كېرەك. ئاڭلاش ۋە ئۈزلۈكسىز تىرىشىش نەتىجىسىدە، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھېچبىر نەرسە يوق.

# 32 پەرز

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى ۋە شۇ بويىچە ياشىشى زۆرۈر بولغان پەرزلەر 32 دۇر.

**ئىماننىڭ شەرتلىرى ئالتە**

ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش.
ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش.
ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىشىنىش.
ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش.
ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىش.
ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

**تاھارەتنىڭ پەرزلىرى تۆت**

بىر قېتىم يۈزنى يۇيۇش.
قوللىرىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.
بېشىنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىش.
پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

**ئىسلامنىڭ شەرتلىرى بەش**

كەلىمە شاھادەت ئېيتىش.
روزا تۇتۇش.
ناماز ئوقۇش.
ھەج قىلىش.
زاكات بېرىش.

**غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى ئۈچ**

كۆپ سۇ بىلەن ئېغىزنى غەر-غەر قىلىپ چايقاش.
دىماغقىچە سۇ ئېلىپ، بۇرنىنى يۇيۇش .
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر تال تۈكنىمۇ چالا قويماي يۇيۇش.

**تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى ئىككى**

تەيەممۇمغا نىيەت قىلىش.
ئىككى قولنى پاكىز تۇپراققا ئۇرۇپ، يۈزنى سىلاش، ئىككى قولنى يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ، بىلىكنى سىلاش.

**نامازنىڭ پەرزلىرى ئون ئىككى**

**A - نامازنىڭ شەرتلىرى (سىرتىدىكىلەر) ئالتە:**

1- ھادەستىن تاھارەت: كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەنىۋى كىردىن تاھارەت، غۇسۇل ۋە تەيەممۇم بىلەن پاكىزلىنىش.
2- نىجاسەتتىن تاھارەت: بەدەن، كىيىم-كېچەك ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان يەرلەردىكى كۆزگە كۆرىنىدىغان ماددىي (كىچىك ۋە چوڭ تەرەتلەرگە ئوخشاش) نىجاسەتلەرنى تازىلاش.
3- سەترى ئەۋرەت: ئەۋرەت يەرلىرىنى يۆگەش، ئەرلەر كىندىك بىلەن تىز ئارىسىنى، ئاياللار يۈز، قول ۋە پۇتتىن باشقا پۈتكۈل يەرلىرىنى يۆگەش.
4- ئىستىقبالى قىبلە: ناماز ئوقۇغاندا قىبلىگە قاراش.
5- ۋاقىت: ھەر نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش.
6- نىيەت: ئوقۇماقچى بولغان ناماز ئۈچۈن نىيەت قىلىش.

**B - نامازنىڭ رۇكۇنلىرى (ئىچىدىكىلەر) ئالتە:**

1- نامازنى باشلاش تەكبىرى: نامازنى ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر) دەپ باشلاش.
2- قىيام: ناماز ئوقۇغاندا ئۆرە تۇرۇش.
3- قىرائەت: نامازدا قۇرئان كەرىم ئوقۇش.
4- رۇكۇ: رۇكۇ قىلىش، يەنى ئېگىلىش.
5- سۇجۇد: سەجدە قىلىش.
6- قەئدە ئاخىرە: ئاخىرقى ئولتۇرۇش. نامازنىڭ ئاخىرىدا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇغاندا ئولتۇرۇش.